بالىلارغا سوۋغا-2



9

ئابدۇلھەمەد ياسىن

# يولۋاسقا ئايلانغان بالا

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن - سىن نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بالىلارغا سوۋغا — 2

9

ئابدۇلھەمىد ياسىن

# يولۋاسقا ئايلانغان بالا

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن - سىن نەشرىياتى



مەجمۇئە ئىسمى: بالىلارغا سوۋغا ـ 2 (9)

كىتاب ئىسمى: يولۋاسقا ئايلانغان بالا

پىلانلىغۇچى: ئېزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن

ئاپتورى: ئابدۇلھەمىد ياسىن

مەسئۇل مۇھەررىرى: مەرھابا تەۋەككۇل

تەكلىپلىك مۇھەررىرى: ئەخمەت مۇھەممەت

مەسئۇل كوررېكتورى: گۈلباھار توختەم

تەكلىپلىك كوررېكتورى: قەييۇم تۇرسۇن

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: نۇرمۇھەممەد ئۆمەر ئۈچقۇن

نەشرىيات: قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى شىخۇڭ غەربىي يولى 36 ـ قورۇ

پوچتا نومۇرى: 830000

تارقاتقۇچى: شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى

زاۋۇت: شىنجاڭ بۈگۈنكى شىنجاڭ باسما چەكلىك شىركىتى

فورماتى: 1230 × 880 مىللىمېتىر 1/32

باسما تاۋىقى: 2.625

نەشرى: 2010 ـ يىلى 4 ـ ئاي 1 ـ نەشرى

بېسىلىشى: 2011 ـ يىلى 2 ـ ئاي 1 ـ قېتىم بېسىلىشى

كىتاب نومۇرى: ISBN 978 - 7 - 5373 - 2011 - 5

ئومۇمىي باھاسى: 84.00 يۈەن (جەمئىي 10 كىتاب)

(باسما ۋە بەت تۈپلەشتە خاتالىق كۆرۈلسە زاۋۇت بىلەن ئالاقىلىشىڭ)

www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە


ئېشەكنىڭ دەردى ........................ 1

ئاق قۇ رىۋايىتى ........................ 7

توخۇنىڭ چىشى ........................ 17

يولۋاسقا ئايلانغان بالا ........................ 23

شاپاق بۆكلۈك توختامەت ........................ 40

كومپيۇتېر دۇنياسىدىكى كۈرەش ........................ 54

ئالا ئاسلاننىڭ ئالدىنىشى ........................ 65

مېۋىلەرنىڭ تۆھپە تالىشىشى ........................ 70

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# ئېشەكنىڭ دەردى

بەلكىم ئېشەك تىلغا ئېلىنسا بەزى ساۋاقداشلارنىڭ كۆز ئالدىغا ئۇزۇن قۇلاقلىرى سالپىيىپ تۇرغان، ئۇزۇن بېشى قورقۇنچلۇق، كېلەڭسىز بەدىنى كۆرۈمسىز، تىنماي مىدىرلاپ چۈشۈن قوروۇپ تۇرىدىغان قويرۇقى سەت، ئۇزۇن پاچاقلىرى قوتۇر كەلگەن بىر مەخلۇق كېلىدىغاندۇر. يەنە بەزى ئېشەكنى كۆرۈپ باقمىغان ساۋاقداشلار، دۆت ئېشەك، ئېشەك قۇلاق، دېگەندەك گەپلەرنى ئاڭلاپ، ئېشەك دېسە بەكلا بەتبەشىرە، هاماقەت بىر نەرسىنىڭ سىماسى كۆز ئالدىغا كېلىشى مۇمكىن. ئۇنداقتا قېنى سىز تۆۋەندىكى هېكايىنى ئاڭلاپ شەخسىي باهايىڭىز بويىچە ئېشەككە بىر باها بېرىپ بېقىڭ.

بۇرۇنقى زاماندا ئېشەك ئەسلىدە هەممە هايۋانات، ئۇچار قاناتلاردىن ئۇستۇن تۇرىدىغان ئالىي نەسەبلىك بىر هايۋانات بولۇپ، ئۇنىڭغا هېچقانداق سۈت ئەمگۈچى هايۋانغا بېرىلمىگەن ئۇچۇش هوقۇقى بېرىلگەنىكەن، ئۇنىڭ ئۆشنىسىدە ئەپچىلگىنە بىرجۈپ قانىتى بولغاچقا، يەردە ئۇچقاندەك چاپسا، ئاسماندا لەرزان سەير قىلىدىكەن. يەر يۈزىدىكى بارچە هايۋانات ئۇنىڭغا

ھەۋەس قىلىشىدىكەن. چۈنكى ئۇچالايدىغان ھايۋانلار يەردە ئۇنىڭچىلىك تېز چاپالمايدىكەن، يەردە چاپقۇرلىرى ئاسماندا ئۇچالمايدۇ ئەمەسمۇ؟ ھايۋانات ئېشەكنىڭ مانا شۇنداق ئالاھىدە ئىكەنلىكىگە قايىل ئىكەن. ئۇنىڭ يەردىكى چەبدەسلىكىگە ھەيران قالسا، ئاسماندىكى پەرۋازىغا ھەۋەس قىلىشىدىكەن. شۇنداق بولغاچقا ئېشەك قەيەرگىلا بارسا بارچە ھايۋانلارنىڭ ھۆرمەت - ئىناۋىتىگە، ئىززەتلىشىگە سازاۋەر بولىدىكەن. ئېشەكمۇ كۆپچىلىك ھايۋانات بىلەن ناھايىتى ئىناق، ئۆم ئۆتىدىكەن. يەنە تېخى ئۇنىڭ دانىشمەن، ئاق كۆڭۈل، دېگەن نامىمۇ بار ئىكەن. چۈنكى ئۇ باشقا ھايۋانلارغا ياردەم بېرىشنى ئۆز ئىشىم دەپ بىلىپ، كىملا ھاجەتمەن بولۇپ كەلسە شۇنىڭ ھاجىتىدىن چىقىپ، ئاۋارىچىلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ قويىدىكەن. شۇڭا كۆپچىلىك ھايۋانلار ئۇنىڭدىن مەمنۇن ئىكەن. ھەتتا بەزى ھايۋانلار، ئېشەك بولۇپ قالغان بولساق، دەپ ئارزۇ قىلىپ قالغان ئىكەن. ئۇنداقتا شۇنچە شانۇ شەۋكەتكە ئىگە بولغان ئېشەك كېيىن نېمانچە خار - زەبۇن ھالەتكە چۈشۈپ قالدى؟ ھەممە ئادەم تىللايدىغان، دۆتلەرنىڭ تىمسالى بولۇپ قالدى؟ بىز ئېشەك قوتىنىغا يېقىن كېلىپ، تىڭشاپ باقايلى.

ئېغىلدىكى ئېگىز ئوقۇرغا تۆكۈپ بېرىلگەن سامانىنى ئېرىنچەكلىك بىلەن چايناۋاتقان ئېشەك يېنىدىكى غاراللار بىلەن تونۇشۇپ قويۇلغان يەنە بىر ئېغىلدىكى ئوقۇردا ھەلەپ يەۋاتقان

ئىنەككە قاراپ قويۇپ ھەسرەت بىلەن:

— مۇشۇمۇ كۈن بولدىمۇ؟ ھارغىچە ئىشلىتىدۇ، يەنە بېرىدىغىنى سامان، — دېدى. ئىنەكمۇ ئۇنىڭغا قاراپ قويۇپ:

— ھە راست، ئېشەكباي، سېنى ئەسلىدە ئېسىلزادە ئەۋلادى ئىدى. يەردە بەگدەك ماڭسا، ئاسماندا ئاجايىپ قانات قېقىپ ئۇچاتتى ، ھەممىنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر ئىدى، دەيدىغۇ؟ — دېدى. ئېشەك ئېغىر خورسىنغان ھالدا ئېيتتى:

— نېمىسىنى ئېيتىسەن ئىنەكخان، مەن ئەسلىدە راستتىنلا سەن دېگەندەك ھۆرمەت ساھىبى، ئىززەت سۇلتانى ئىدىم. ھەممىسى مۇشۇ كۆڭۈلچەكلىكىمدىن بولمامدۇ.

— ھوي، ئۇنداقتا ئاڭلىغىنىم راستكەندە، ھە ، ھە باشتىن سۆزلەپ بەرگىنە، قانداق بولۇپ بۇنداق ھالەتكە كېلىپ قالدىڭ؟

— دەپ كەلسەم گەپ ئۇزۇن ئىنەكخان، ئەسلىدە قانىتىم بار بەگزادە ئىدىم، ئاشۇ بىلىق دېگەن ناكەسنىڭ ئىشى بولمامدۇ.

— نېمە، بېلىق دېگەن سۇدا ياشايدىغان تۇرسا، ساڭا قانداق زىيانكەشلىك قىلالىسۇن؟

— ساڭا ئېيتىپ بېرەي، مەن ئاسماندا پەرۋاز قىلىپ، يەردە سۆلەت بىلەن يۈرىدىغان چاغلاردا ئاجايىپ دەۋران سۈرگەن ئىدىم. قانداقلىكى ھايۋانات بولسا ياردىمىمنى ئايىمايدىغان ئاجايىپ سېخىي ئىدىمكى، ھايۋانلار مېنى سېخىيلىقنىڭ ئۈلگىسى دەپ بىلەتتى. شۇ كۈنلەردىن بىركۈنى ئۇسساپ كېتىپ

دەريا بويىغا باردىم.

— ئېشەك جانابلىرى، — يەر تېگىدىن ئاڭلانغاندەك بۇ ئاۋازدىن چۆچۈپ قارىسام، يەردە بىر ئۆلۈمتۈك مەخلۇق لايغا مىلىنىپ يېتىپتۇ.

— كىم بولىسەن؟ — دەپ سورىسام، ئۇ ناھايىتى زەئىپ ئاۋازدا:

— بېلىق، بېلىق بولىمەن ئالىيلىرى، مەن يا قانىتىم يوق سۇدا ئۈزەلمەيمەن، يا پۇتلىرىم يوق قۇرۇقلۇقتا ماڭالمايمەن. سىلىدىن بىر ئۆتۈنۈشۈم بار ئىدى، — دېدى. مەن ئۇنىڭ بۇ بىچارە ھالىتىگە قاراپ، ئىچىم سىيرىلىپ كەتتى ۋە:

— قېنى ئېيتقىن، قولۇمدىن كېلىشچە ياردەم قىلىمەن، — دېدىم. ئۇ يەنە زەئىپ ئاۋازدا:

— ئاشۇ مەزمۇت قاناتلىرىنى بىر سائەت ئۆتنە بەرگەن بولسىلا، مەن ئۇنىڭ بىلەن سۇغا كىرىپ، بىر قېتىم ئەركىن ئۈزۈپ، قانغۇچە سۇغا چۆمۈلۈپ چىقىۋالسام، پەقەت بىر سائەتلا، شۇنداق قىلسىلا ئۆلسەممۇ ئارمىنىم قالمايتتى، — دېدى. ئۇنىڭ بىچارە ئەپتىگە قاراپ ئويلىنىپ تۇرۇپ قالدىم. بېرەي دېسەم چوڭ ئاپام، باشقىلارغا ھەممە نەرسىمىزنى بېرىشكە بولىدۇ، ئەمما قانىتىمىزنى بېرىشكە قەتئىي بولمايدۇ، دەپ ۋەسىيەت قىلغانىدى. بەرمەي دېسەم بېلىقنىڭ بىچارە ئەپتى يۈرىكىمنى ئېچىشتۇرۇپ كېتىپ باراتتى. ئاخىرى بېلىقنىڭ نىمجان

هالەتتىكى تەلمۈرۈپ تۇرغان كۆزلىرىگە بەرداشلىق بېرەلمەي، بىر سائەتلىك مۆھلەتتە قانىتىمنى بېرىپ تۇردۇم. ئاھ ، ۋا دەرىخا، بۇنداق بولارنى نەدىن بىلەي، بىر سائەت ئەمەس، بىر كۈن، بىر ئاي، بىريىل ساقلىسامۇ لەنىتى بىلىق قانىتىمنى ئېلىۋېلىپلا سۇنىڭ ئاستىدىن چىققىلى ئۇنىمىدى. شۇندىن بۇيان ئاسماندا ئۇچالمىدىم، ئادەم ئاتلىق مەخلۇق قوغلىغاندا كېيىكتەك قاچالمىدىم. ئاقىۋەت شۇ مەخلۇققا قول بولدۇم. ياۋاش، ئاق كۆكۈللۈكۈم سەۋەبلىك، ئىگەم ئۇچۇن كۈن بويى ئىشلىدىم، هاردىم، تالدىم دېمىدىم، ئات خىللىغان بوغۇزنى مەن خىللىمىدىم، قېچىر چىدىمايدىغان جاپالارغا مەن چىدىدىم. بىر ئۆمۈر جاپا ئىلكىدە ئەلەم يۇتۇپ، ياق، زەھەر، پۇشايمان زەھىرىنى يۇتۇپ هازىرغا كەلدىم. بىرلا قىلغان ئىشىم، قەيەردە سۇ كۆرسەم ئاشۇ سۇغا ئايانماي سىيدىم. مەيلى كۆۋرۈك ئۈستىدە بولاي، مەيلى دەريا كېچەي، سۇنى كۆرسەملا ئاشۇ بېلىقنىڭ بېشىغا بىر سىيىشنى ئۇنتۇپ قالمىدىم. مەن ئۇنىڭدىن شۇنچىلىكلا ئۆچ ئالالىدىم. مەيلى شۇ سۇدا بېلىق بولسۇن ، بولمىسۇن. بېلىقنىڭ بېشىغا سىيىش ئارقىلىق ئاچچىقىمنى چىقىرىمەن دېگەن ئويلا بولغاچقا سۇنى كۆرسەملا سىيمەي قويمىدىم. ئەمما كىشىلەر ۋە باشقا هايۋانلار مېنىڭ بۇ ھەسرىتىمنى ، دەردىمنى چۈشەنمەي، مېنى سۇ كۆرسىلا سۇغا سىيىدۇ، دەپ زاڭلىق قىلىشتى، سۇنى بۇلغىدىڭ دەپ

نەپرەتلىنىشتى. مەن سېيۋاتقاندا مېنى ئالدىرىتىپ ھارغىچە دۈمبالاشتى. قانداق، ئەمدى مېنىڭ كىملىكىمنى، قانداق ياشاپ ئۆتكەنلىكىمنى بىلگەنسەن.

— بىلدىم، ئېشەكباي، ئىچىڭ دەرد بىلەن تولۇپ كەتكەن بەندە ئىكەنسەنغۇ، ئەمدى سېنىڭ سۆنى كۆرسەتكىلا سىيىدىغان ئادىتىڭنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشىنى چۈشەنگەندەك بولدۇم. دېمىسىمۇ ساڭا ئۇۋال، ئىگەمگە سەن ئەڭ كېرەكلىك، سېنىڭ قىلىدىغان ئىشىڭنى ساناپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ. ئەمما يېيىشىڭ سامان. سەۋر قىل. بىر كۈنلەردە قەدرىڭمۇ بولۇپ قالار...

ئىنەكخانىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، ئېشەكباينىڭ سەۋرى قاچىسى توشتىمۇ، قانداق:

— ئى ھا، ھا، ھا، — دەپ سوزۇپ ئېچىنىشلىق ھاڭرىۋەتتى.

كىچىك دوست، ئەمدى ئېشەك ھەققىدىكى بىلىدىغانلىرىڭىزغا يەنە يېڭى بىلىملەر قوشۇلدىمۇ، ئەگەر شۇنداق بولسا قېنى ئېيتىپ بېقىڭ، بىز ئېشەككە قانداق باھا بېرىمىز، جاپالىق مېھنەتكەشلەرنىڭ ئەجرىنى يۇتۇۋېلىش قانداق قىلمىش سانىلىدۇ؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# ئاق قۇ رىۋايىتى

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا، يىراق ئېرالاردىن باشلانغان چۆشلەرنىڭ پايانىدا، يىراق دېڭىزنىڭ بەك يىراق، يېقىن دېڭىزنىڭ يېنىدا بىر ۋەقە بولۇپ ئۆتكەنىكەن. «ئويناپدىغان بالا بارمۇ؟» دەپ ئۇيقۇلۇق بالىلارنى چاقىرىپ، ئويۇن تېپىپ يۈرۈيدىغان شوخ بالىلار بۇ ۋەقەدىن چۆچۈپ كەتكەنىكەن. بىر ئىناق ئائىلە شۇ ۋەقە تۈپەيلى ئۆز يۇرتىدىن كۆچۈپ كەتكەنىكەن. ئەمىسە بۇ ۋەقەنى باشلايلى، قۇرۇق گەپنى تاشلايلى، گۈزەل قاراقاش دەرياسىنىڭ بويىدىكى بىر يۇرتتا بىر قىزچاق ئۆتكەن بولۇپ، كىشىلەرنىڭ ھەممىسى بۇ قىزنى «ئاق قىز» دەپ ئاتىشىدىكەن. ئاق قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسى باي كىشىلەر بولۇپ، ئاق قىزغا ئاپپاق ماملۇق كىيىملەرنى كىيگۈزۈپ ئۇنى تېخىمۇ ئاپپاق قىلىۋېتىدىكەن. ئاق قىزنىڭ چىرايى ئاپپاق، مەڭزلىرى، پېشانىلىرى ئاپپاق، قاپقارا قاشلىرى ئاستىدىكى يوغان قوي كۆزلىرى بەك چىرايلىق، كىچىك بۇدرۇق قوللىرىمۇ ئاپپاق، كىيىملىرى ئاندىن ئاپپاق. ئۇنىڭ ئەپتىگە قارىسىڭىز زادى ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق ئاق قىز، قىلىقلىرى ئوماق قىز ئىكەن. ئاق قىز سەللا چوڭۇپ، مەكتەپ يېشىغا توشقاندا تېخىمۇ

ئاق، تېخىمۇ ئوماق بولۇپ كېتىپتۇ. شوخ قىلىقلىرى ھەممە كىشىنىڭ زوقىنى كەلتۈرىدىغان، بالىلارمۇ ئۇنىڭغا بەكلا ئامراق بىر قىزغا ئايلىنىپتۇ. ئۇنىڭغا ئادەملەر، بالىلار ئامراق بولۇپلا قالماستىن يەنە لەرزان شامالىلار، ياپيېشىل ياپراقلارمۇ قەۋەت ئامراق ئىكەن. قۇشلارمۇ ئۇنى كۈيلەپ:

ئاق قىزچاق، ئاپپاق قىزچاق،
ئۇز قىزچاق، ئوماق قىزچاق،
بىز ئويناپلى، كەلگىن تېزراق،
ئۆتەر شۇندا ھايات قۇۋناق...

دەپ ناخشا توۋلىشىدىكەن. ئاق قىز باشقىلارنىڭ ئۆزىگە ئامراق بولغىنىدىن شادلىنىدىكەن. باشقىلارغىمۇ ئىللىق مۇئامىلە قىلىدىكەن. ئاق قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئۇنى پەپىلەپ، يېمەي ـ يېگۈزۈپ، كىيمەي كىيگۈزۈپ ناھايىتى ئەتىۋارلاپ باقىدىكەن. ئاق قىزنىڭ يارامىلىق ئادەم بولۇشىنى ئارزۇ قىلىپ، قانداق قىلساق قىزىمىز ئوماق چوڭ بولغانىنىڭ ئۈستىگە ئەقىللىق ئادەم بولىدىكىن، دەپ ئويلايدىكەن. شۇڭا ئاق قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئۇنى كىچىكلا مەكتەپكە بېرىپتۇ. ئاق قىز كىچىك تۇرۇپ مەكتەپكە كەلگەن بولسىمۇ مۇئەللىمى ئۆگەتكەن ئىنشا، ھېسابلاردا ھەممە بالىلارنىڭ ئالدىدا مېڭىپتۇ. ئۇ يەنە ئۇسسۇل ئويناپ، ناخشا ئېيتىشتىمۇ ئۆز تالانتىنى نامايان قىلىپ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

تەڭتۇشلىرى، ئۇستازلىرىنى ھەيران قالدۇرۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ھەممە باللار ئۇنى:

ئاق قىز، ئاپپاق قىز،
ھەممىمىزگە ئامراق قىز.
شوخ قىز، خۇشال قىز،
بىزمۇ سىزگە قوشماق قىز.

دەپ تەرىپلەپ ماختىشىدىكەن. ئۇستازلىرىمۇ:

ئاق قىز، ئاپپاق قىز،
گۈل چىرايى ئوماق قىز.
ئەقىل سىزگە يار بولسۇن،
بىلىم يادىكار بولسۇن.

دەپ تىلەك تىلىشىدىكەن. ئاق قىز باشقىلارنىڭ ماختاش، تەرىپلەشلىرىگە لايىق ھەم چىرايلىق، ھەم ئەقىللىق چوڭ بولۇشقا باشلاپتۇ. دەرسخانىدا ئۇقۇتقۇچى - ئۇستازلار ئۆگەتكەن بىلىملەرنى تېزلا ئۆگىنىۋالىدىكەن. ئۇنىڭ ئۆگەتكەن ساۋاقلارنى شۇنچە تېز ئۆگىنىۋالغىنىدىن ساۋاقداشلىرى ھەيران بولسا ئوقۇتقۇچىلىرى شادلىنىدىكەن. ئۇنىڭ لەرزان ئۇسسۇل، يېقىملىق ناخشىلىرى باشقىلارنى تېخىمۇ شادلاندۇرىدىكەن.

شۇنداق، ئۇ ناخشا ئېيتىپ ئۇسسۇل ئويناسا شاماللار ئىسقىرتىپ، ياپراقلار چاۋاك چالىدىكەن. مەجنۇنتاللار ئاق قىزنى دوراپ لەرزان ئىرغاڭلايدىكەن. قۇشلارمۇ ھاياجاندىن يېقىملىق ئۇدار بىلەن سايراپ كېتىدىكەن. قىسقىسى ئۇنىڭ ناخشىسى ۋە ئۇسسۇلىغا ساۋاقداشلىرى تۇرماق تەبىئەتمۇ جور بولىدىكەن. ئاق قىزنى ماختىمايدىغان بىرمۇ ئادەم، بىرمۇ ساۋاقدىشى يوقكەن. ئاق قىز تىلغا ئېلىنسىلا ساۋاقداشلىرى ئۇنىڭ ئاق كىيىملىرىدەكلا ئاق كۆڭۈللىكى، ئاپپاق بۇلۇتلارنى ئەسلىتىدىغان ئاق كىيىملىرىنى ماختىشىدىكەن. ئۇستازلىرى ئۇنىڭ ئوماقلىقى بىلەن ئەقىللىقلىقىنى توختىماي سۆزلىشىدىكەن. تەييارلىق سىنىپىنى پۈتكۈزگەندە ئۇنىڭ نەتىجىسى ھەممە ساۋاقداشلىرىنىڭكىدىن يۇقىرى چىقىپتۇ. ھەممە ئادەم، ئاتا - ئانىسى، ئوقۇتقۇچىلىرى، ساۋاقداشلىرى ئۇنى مۇبارەكلەپتۇ. قۇشلارمۇ خۇشال سايرىشىپ كېتىپتۇ. ئېرىقلاردا ئېقىۋاتقان سۇلارمۇ:

شىلدىر - شىلدىر ئاق قىز،
ئۆگەن بىر - بىر ئاق قىز.
ئەجەب ئوماق، ئەقىللىق،
سەن يېگانە تاق قىز.

دەپ ئاق قىزنى كۈيلىشىدىكەن. دېمىسىمۇ ئاق قىزنىڭ بۇ

نەتىجىسى ھەممىنى سۆيۈندۈرۈپتۇ. بىرىنچى يىللىقتا چىققاندا
ئاق قىز تېخىمۇ ئوماق ، تېخىمۇ چىرايلىق بولۇپ كېتىپتۇ.
بىلىدىغان ناخشىلىرى، ئۇسسۇللىرىمۇ كۆپىيىپتۇ. دەرسلەردىمۇ
ئالدىدا مېڭىپتۇ. ئوقۇتقۇچىلىرى ھەمىشە دەرسخانىدا ئۇنى
ناخشا ئېيتقىلى سالسا ئۇ ئوماق چىرايىنى گۈلدەك ئېچىپ چوڭ
ئارتىسلاردەك كۆلۈمسىرىگەن ھالدا ناخشىسىنى باشلايدىكەن.
ناخشىسى تۈگىگەندە ھاياجانلانغان ساۋاقداشلىرى ھەم
ئۇستازلىرى قوللىرى قىزىرىپ كەتكۈچە چاۋاك چالىدىكەن.
بارا - بارا ئاق قىز ئۆزىمۇ ناخشا ئوقۇشقا، ئۇسسۇل ئويناشقا
ھەددىدىن زىيادە بېرىلىپ كېتىپتۇ. ئۇستازلىرىنىڭ كۆڭلىنى،
ساۋاقداشلىرىنىڭ شادلىقىنى دەپ دەرسخانىدىمۇ ھەمىشە ناخشا
ئۆگىنىپتۇ. دەرستىن چۈشسىمۇ دەرس تەكرارلاشنى قويۇپ
ئۇسسۇل ئۆگىنىپتۇ. شۇنداق كېتىۋەرگەچكە ئاز ۋاقىتتىلا ئاق
قىز دەرسلەردە چېكىنىشكە باشلاپتۇ. ئەمما ئۇنى ھېچكىم
ئەيىبلىمەيلا قالماستىن ئۇنىڭ ئۇسسۇلىغا، ناخشىسىغا مەھلىيا
بولۇپ يۈرۈۋەرگەندىن كېيىن ئۇنىڭدا «مېنىڭ مۇشۇ ئاپپاق
چىرايىم، ناخشا - ئۇسسۇللىرىم بولسىلا ھېچكىم مېنى
ئەيىبلىمەيدىغۇ» دېگەندەك ئۆزىگە تەمەننا قويۇش ئىدىيەسى
شەكىللىنىپ قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن دەرس ئۆگىنىشكە
قىزىقمايدىغان، دەرستىن چۈشكەندە ئويۇن بىلەنلا كۈن
ئۆتكۈزىدىغان بولۇپ قاپتۇ. بارا - بارا ئويۇنغا شۇنچىلىك
بېرىلىپ كېتىپتۇكى، ئۆيگە كېلىپ ئاتا - ئانىسى «تاپشۇرۇق

ئىشلىمەمسىز قىزىم؟» دەپ سورىسىمۇ «مەكتەپتە ئىشلەپ بولغان» ياكى «بۈگۈن تاپشۇرۇق بەرمىدى» دەپ يالغان ئېيتىدىغان بولۇپ قاپتۇ. مەكتەپكە بارسا ئۆزى ئۆگىنىش قىلىش تۈگۈل، ئۆگىنىش قىلىدىغان ساۋاقداشلىرىنى زاڭلىق قىلىدىغان، ئويۇن چىقىرىپ ياۋاشىراق ساۋاقداشلىرىنى بوزەك قىلىدىغان، ھەتتا بەزى يېتىم قىز ساۋاقداشلىرىنى يىغلىتىپ ئوينايدىغان بولۇپ قاپتۇ. مەكتەپتىن قويۇپ بەرگەندە، دەرھال ئۆيىگە قايتىپ تاپشۇرۇق ئىشلەشتىن قېچىپ، ئويۇنچى باللار بىلەن كەچكىچە ئويناپ، كەچ بولغاندا ئۆيگە، مەكتەپتىن ھازىرلا قويۇپ بەردى، دەپ يالغان سۆزلەپ كىرىدىغان بولۇپ قاپتۇ. مەكتەپتە پائالىيەت ئۆتكۈزۈلۈپ قالغۇدەك بولسا ئاق قىز يەنىلا شوخ ئۇسسۇللىرى، يېقىملىق ناخشىلىرى بىلەن ھەممىنىڭ ئالقىشىغا ئىگە بولۇپ، ھەممە ماختايدىغان قىز بولۇپ قېلىۋېرىپتۇ. چوڭلار، ئاتا ـ ئانىسى، ئۇستازلىرى ئۇنىڭ ئوماقلىقىدىن سۆيۈنۈپ كېتىۋېرىپتۇ. ئاق قىز بولسا ئۆيگە كەلسە ئاتا ـ ئانىسىنى، مەكتەپكە كەلسە ئۇستازلىرىنى ئالداپ قويۇپ دەرس ئۆگەنمەي ئويناپ يۈرۈۋېرىپتۇ. مەۋسۇملۇق ئىمتىھان نەتىجىسى چىققاندا ھەممەيلەن ھەيران قېلىشىپتۇ. چۈنكى ئۆزلىرى ئەڭ قايىل بولىدىغان ئاق قىزنىڭ نەتىجىسى لاياقەتسىز، سىنىپتىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئارقىسىدا چىقىپتۇ. بۇ نەتىجىدىن ئوقۇتقۇچىلىرى ھەيران قېلىشىپتۇ. ئاتا ـ ئانىسى ئىشەنمەپتۇ. تاسادىپىيلىق بولغان ئوخشايدۇ، دەپ ئاق قىزنى

ئەيىبلىمەپتۇ. ئىككىنچى مەۋسۇم ئاق قىز يەنىلا «ھەممە ئادەم
ماڭا ئامراق، جاننى قىيناپ ئۆگىنىش قىلىشىنىڭ ھاجىتى يوق.
مانا ئىمتىھاندىن ئۆتەلمىسەممۇ ھېچكىم مېنى ئەيىبلىمىدى»
دەپ ئۆزىنى بەزلەپ ئۆتۈۋېرىپتۇ ھەم ئىككىنچى مەۋسۇممۇ
ئويناپ ـ كۈلۈپ كۈن ئۆتكۈزۈپتۇ. بەزى ساۋاقداشلىرى ئۇنىڭغا
ئۆگىنىش توغرىلىق نەسىھەت قىلسا، نەسىھەت قىلغان
ساۋاقدىشىنى «ئالدى پەش، يالاقچى» دەپ قوپال تىللار بىلەن
ھاقارەتلەپ، مەسخىرە قىپتۇ. ئۆگىنىشكە ئۆزىنى باسماقتا يوق،
ئۆگىنىدىغانلارنىڭ ئۈستىدىن گەپ تېپىپ، ھاقارەتلەپ ناخشا
ئوقۇپتۇ. كىم ئۇنىڭغا ئۆگىنىش توغرىلىق گەپ قىلسا شۇ ئۇنىڭ
كۆزىگە سەت كۆرۈنىدىغان بولۇپ كېتىپتۇ. ھەرقانداق
پائالىيەتتە ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناپ ھەممىنى قايىل
قىپتۇ ـ يۇ، دەرسخانىدا پەقەت ئۆگىنىشكە ئۆزىنى باسماپتۇ.
مانا، ئاق قىزنىڭ سىنىپ كۆچۈش ئىمتىھاندىكى نەتىجىسىنى
كۆرۈڭ! يەنىلا لاياقەتسىز بولۇپ سىنىپ كۆچەلمەپتۇ. ئەمما ئاق
قىزغا بەكلا ئامراق كەلگەن ئاتا ـ ئانىسى «ئاق قىزنى كىچىك
مەكتەپكە بەرگەن، سىنىپ كۆچەلمىسە مەيلى، كېلەر يىلى
كۆچسىمۇ ھېساب» دېيىشىپتۇ. ساۋاقداشلىرى ئۆكۈنۈپتۇ،
ئوقۇتقۇچىلىرى نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قاپتۇ. كېيىنكى يىلى
ئاق قىز يەنىلا تىرىشماپتۇ. ئىنشا يازسا، ھەمزىنى تەتۈر
قويۇۋالىدىغان، سان يازسىمۇ ئىككىنى تەتۈر يېزىۋالىدىغان،
دەرسنى ئاران تۈگىتىپ ئويۇنغا چاپىدىغان ھونىرىنى

تاشلىماپتۇ. ئۆيگە كەلسە ئاتا ـ ئانىسىغا ئەركىلەپ، ئۇلار تاپشۇرۇقنى سورىسا، مەكتەپتە قالدى، ئىشلەپ بولغان، دەپ قويۇپ گەپتىن قۇتۇلىدىغان، مەكتەپكە بارغاندا ئۇستازلىرى تاپشۇرۇقنى سورىسا، تىرنىقىنى تاتىلاپ، ئۆيدە ئۇنتۇپ قاپتىمەن، دەپ يالغان ئېيتىدىغان ھۈنەرنى چىقىرىۋاپتۇ. ئۇنىڭ خىيالىدا: ئاتا ـ ئانام ماڭا ئامراق، مەن ئاق ھەم ئوماق بولغاچقا ھەممە ئادەم مېنى ماختايدۇ، جاپا چېكىپ ئۆگەنمىسەممۇ مېنى ھېچكىم ئەيىبلەپ باققىنى يوق، شۇڭا ئۇنچە تىرىشىپ ئۆگىنىشىمنىڭ ھاجىتى يوق، دەيدىغان ئوي بولغاچقا يەنە ئويناپ ـ كۈلۈپ يۈرۈۋېرىپتۇ. ئالدامچىلىقىنى ئاقتۇرۇپ، ئاتا ـ ئانا، ئۇستازلىرىنى ئالداپ يۈرۈۋېرىپتۇ. «ئىشتانغا چىققان كۆڭۈلگە ئايان» دېگەندەك ئىككىنچى يىلىمۇ ئۇ سىنىپ كۆچەلمەپتۇ. ئەمدى ھېچكىم ئۇنىڭغا ئۇز گەپ قىلماپتۇ. ئاتا ـ ئانىسى قاتتىق تېگىپتۇ، ئۇستازلىرى تەنقىد قىلىشىپتۇ. بۇرۇن ئۆزى مازاق قىلغان ساۋاقداشلىرى ئەمدى ئۇنى «1 ـ سىنىپنىڭ ئانىسى» دەپ زاڭلىق قىپتۇ. قۇشلار، سۇلار، ياپراقلارمۇ :

ئاق قىز، ئاپپاق قىز،
ئالدامچىلىق بەك ئۇيات.
ئاق قىز ئەمەس «ئاق قۇۋ» دەپ
قويدۇق ساڭا يېڭى ئات.

دەپ ناخشا توۋلاشقا باشلاپتۇ. تەبىئەتنىڭ ناخشىسىنى ئاڭلاپ

قالغان باللار ئاق قىزنى ئاق قىز دەپ چاقىرماستىن «ئاق قۇۋ» دەپ چاقىرىدىغان بولۇپ قاپتۇ. ئاپپاق كىيىم كىيگەن، ئاپپاق يۈزلۈك ئاق قىز ئەزەلدىن بۇنداق ھاقارەت ۋە تەنقىدلەرنى ئاڭلاپ باقمىغان، ھېچكىمنىڭ بۇنداق مەسخىرىلىرىگە ئۇچراپ باقمىغان بولغاچقا، قاتتىق خىجىل بولۇپ، ئۆزىنى قويارغا جاي تاپالماي يۈگۈرۈپ كەلگىنىچە ھويلىسىغا قويۇپ قويۇلغان يوغان قارا قاشتېشىغا ئۆزىنى ئۇرۇپتۇ. شۇ چاغدا ئالامەت بىر ھادىسە يۈز بېرىپ، بەكلا سۈزۈك، پارقىراق قارا قاشتېشى ۋاككىدە يېرىلىپ، ئاق قىزنى ئارىغا ئاپتۇ. يەنە بىر دەمدىلا قارا قاشتېشى ۋاككىدە يېرىلىپ، ئىچىدىن ئاپپاق بىر قۇش ئۇچۇپ چىقىپتۇ. ئاندىن تام ئۈستىگە قونۇپ مۇنداق سايراپتۇ.

ئاق قىز ئىدىم ئاپپاق،
قىلىقلىرىم بەك ئوماق.
بولدۇم بۈگۈن ئاق قۇۋ،
تىللار مېنى ھەممە ياق.

بورۇن ئىدىم بەك ئوماق،
چۈنكى شۇچاغ تىرىشقاق.
ئالدىغاچ مەن ھەممىنى،
لايىق بولدى تىل ـ تاياق.

دەپ ئېچىنىشلىق سايراپ ئۇچۇپ كېتىپتۇ. ئاق قىزنىڭ

ئاتا ـ ئانىسى قىزىنىڭ دەردىدە تولا يىغلاپ، كىشىلەرنىڭ مەسخىرىلىرىدىن قۇتۇلالماي ئاخىرى بۇ يۇرتتىن كۆچۈپ كېتىپتۇ. ھېلىقى ئاپپاق قۇش ئاتا ـ ئانىسى كەتكەندىن كېيىن ھويلىغا كېلىپ قونمايدىغان، ئادەملەردىن يىراق قاچىدىغان بولۇپ قاپتۇ. كىشىلەر بۇ قۇشنىڭ ئىسمىنى نېمە قويۇپتۇ ، بىلەمسىلەر؟ «ئاق قۇ» دەپ قويۇپتۇ. بۇ تەبىئەتنىڭ ھېلىقى قۇشنىڭ ئىسمىنى ئاق قۇۋ دەپ ئاتاپ كۆي توقۇغانىنى ئاڭلىغاندىن ئېلىنغان ئىسىم ئىكەن. شۇنىڭدىن كېيىن ئاپپاق پەيلىرى شۇنچە چىرايلىق، قىپقىزىل، ئۇزۇن پۇتلىرى شۇنچە گۈزەل بۇ قۇشنىڭ ئىسمى ئاق قۇ بولۇپ ھازىرغىچە شۇنداق ئاتىلىپ كەلگەنىكەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# توخۇنىڭ چىشى

يىراق قەدىم زاماندا ، بۈك ـ باراقسان ئورماندا بىر توپ ھايۋانات، قۇشلار ياشايدىكەن. ھايۋاناتنىڭ پادىشاھى شىر ھەزرەت بىلەن قۇشلارنىڭ پادىشاھى توخۇ ئائىلىلىرى يېقىن بېرىش ـ كېلىش قىلىشىپ تۇرىدىكەن. ئۇ ۋاقىتتا توخۇ بەكلا ھەيۋەتلىك، يوغان قۇش بولۇپ، ئاسماندا ئۇچالايدىكەن. ئۇچالايدىكەنلا ئەمەس، ئايروپىلاندەك غارقىراپ ئۇچىدىغان بولسا بۈركۈت، ئەنقالارمۇ ئۇنىڭغا يېتىشەلمەيدىكەن. ھەممە قۇشلار ئۆزىنىڭ بۇ ماھىر ئۇچقۇچى، قابىل پاسىبانى، يەنە تېخى قەيسەر سوقۇشچى توخۇ ھەزرەتتىن پەخىر ھېس قىلىشىدىكەن. توخۇنىڭ باشقا ھايۋانلار ۋە قۇشلارغا ئوخشىمايدىغان يەنە بىر يېرى، ئۇنىڭ ئېغىزىدا پارقىراق چىشلىرى بار بولۇپ، بىر نەرسە يېسە خۇددى ئات بوغۇز يېگەندەك كورۇسلىتىپ يەيدىكەن، ھەتتا چوڭ ھايۋانلارمۇ ئۆزىنى توخۇ يەپ كېتەمدىكىن دەپ ۋەھىمىدە يۈرىدىكەن. ئۇ يەنە جەڭگىمۇ ماھىر بولۇپ، ھەتتا بىر قېتىم تۆگىقۇشلار بارلىق قۇشلارغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۆزىنىڭ زور، كېلەڭسىزلىكى بىلەن قۇشلارنىڭ ماكانلىرىنى ئىگىلىۋالماقچى بولغىنىدا، توخۇ زەربىدارلىق بىلەن ئالدىدا ھۇجۇم قىلىپ،

تۆگىقۇشلارنىڭ كىچىك كالىلىسىنى چىشلەپ، ئالدىدا كەلگىنىنىڭ نەچچىسىنىڭ جېنىنى ئالغىنىدىن كېيىن تۆگىقۇشلار ئامالسىز چېكىنىپ قۇيرۇقىنى خادا قىلىپ قاچقانىكەن. ئاشۇ زامانلاردا توخۇ تولىمۇ ئۇرۇشقاق بولۇپ، تۈلكىلەر نېمىشقىدۇر توخۇنىڭ كۆزىگە پەقەت سىغمايدىغان بولغاچقا، تۈلكىلەرنى ھەمىشە بوزەك قىلىپ، بالىلىرىنى چىشلەپ ئۆلتۈرۈۋېتىدىكەن. تۈلكىلەر بۇ يوغان قۇشنىڭ قىلىقلىرىغا پەقەت غەزەپلىنىدىكەن ـ يۇ، ھېچنېمە قىلالمايدىكەن. يەنە توخۇ قۇشلار قوۋمىنىڭ دۈشمەنلىرى بولغان ئۆي قۇشلىرىدىن ئۆردەك، غازلار بىلەن ھەمىشە ئۇرۇشۇپ تۇرىدىكەن. كۈندە نەچچە ۋاقىت ئادەملەر بار جايلارغا ئۇچۇپ بېرىپ، ئۆي قۇشلىرىغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنى ياردار قىلىپ ھەتتا بەزىلىرىنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ قېچىپ كېتىدىكەن. ئۇنىڭ ھۇجۇمىدىن ئۆردەك، غازلار ھەمىشە ۋەھىمە ھېس قىلىدىكەن. توخۇ ھۇجۇمىنى تۈگىتىپ ئۆز قوۋمىنىڭ يېنىغا قايتىپ، ئۆزىنىڭ يالغۇز قىلغان جېڭىنىڭ قانچىلىك ئۇتۇقلۇق بولغانلىقىنى ۋەزىر ـ ۋۇزرالىرىغا دەپ بېرىدىكەن. ئۇنىڭ ئاشۇ ئۇرۇشقاقلىقى تۈپەيلى، گاھى ئۆي قۇشلىرىنىڭ يېنىغا بارالمىغان چاغلاردا بۇركۇت، قارچىغىلارنى ئەدەپلەيدىكەن. يەنە زېرىكىپ قالغان ۋاقىتلاردا قاغىلارنى قاتار تىزىپ قويۇپ، ئۇلارنىڭ بېشىنى چىشلەپ، ئۇلارنى چىرقىرىتىپ ئويناپ، ئۆزىنىڭ جېدەل خۇمارىنى باسىدىكەن. يەنە توخۇنىڭ بىر ئەيىبى

قۇشلار بىر نىمە يېسە چوقۇپ يەيدىكەنىۇ، توخۇ يالماپ، كورۇسلىتىپ، بىردەمدىلا بىرەر يۈز قۇشنىڭ يەيدىغان ئوزۇقىنى يەپ بولىدىكەن. بارچە قۇشلار توخۇنىڭ ئۇرۇشقاقلىقى بىلەن يەپ تويمايدىغان ئاشۇ قىلىقىدىن بىزار ئىكەن ـ يۇ، ئۆزلىرىنى قوغداشتا، يامان دۈشمەنلىرى بولغان، تۆگىقۇشلارنىڭ هوجۇمىنى چېكىندۈرۈشتە كۆرسەتكەن باتۇرلۇقلىرىغا قاراپ ئۇنى يەنىلا هىمايە قىلىدىكەن. ئۆزىنىڭ بۇ پاسىبانىنىڭ سوقۇش خۇمارىغا قايسى قۇشنى بوزەك قىلىسمۇ چىدايدىكەن، قانچىلىك ئوزۇقىنى يەپ كەتسىمۇ مەيلى دەيدىكەن.

بىركۈنى توخۇ ۋەزىرلىرىنىڭ توسقىنىغا قارىماستىن يەنە ئۆي قۇشلىرىغا هۇجۇم قىلغىلى مېڭىپتۇ. ئەمدىلا بىر هويلىغا كىرىپ، غازلاردىن بىر نەچچىنىڭ بېشىنى ئېغىزىغا ئالاي دەپ تۇرۇشىغا، كۈتۈلمىگەندە بېشىغا بىر دانە تور يېپىلىپ قاپتۇ. ئەسلىدە ئۆزىنىڭ ئۆي قۇشلىرىنى دائىم بوزەك قىلىپ كۆنۈپ قالغان توخۇنىڭ ئەدىپىنى بېرىش ئۈچۈن ئادەم ئۇنىڭغا تۇزاق قۇرغان ئىكەن. توخۇ يۇلقۇنۇپ بېقىپتۇ، تورنى چىشلەپ بېقىپتۇ، قاتتىق چىرقىراپ تورنى يىرتماق بوپتۇ ، ئەمما هەممە ئۇرۇنۇشلىرى بىكارغا كېتىپتۇ. تور يىرتىلىش تۈگۈل تېخىمۇ چىڭ يېپىشىپ قاپتۇ. بىر چاغدا ئادەم ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ:

ـــ هە قانداق، ئۆزىنى بىلمەي قالغان نوچى، ئەمدى تۇتۇلدۇڭمۇ، جاهاندا مەن هەممىدىن يامان دەپ ئويلىغانمىدىڭ. ئەمدى سېنى قويۇپ بەرمەيمەن، ـــ دەپتۇ ۋە تور بىلەن

كۆتۈرۈپلا بىر كاتەكنىڭ ئىچىگە تاشلاپ، تورنى ئېلىۋاپتۇ. كاتەك ئىچىگە سولىنىپ قالغان توخۇنىڭ بىچارىلىقىنى بىر دېمەيسىز. ئۆزىنى كاتەكنىڭ تاملىرىغا ئۇرۇپ، قاقاقلاپ، چىلىلاپ - چىرقىراپ قىلمىغانلىرى قالماپتۇ. ئادەمنىڭ ئۇنىڭغا رەھمى كەلمەپتۇ. تېخى يامان يېرى بىركۈنى دان بېرىمەن دەپ يېنىغا كىرگەن ئادەمنىڭ قولىنى قاتتىق چىشلىۋاپتۇ. بۇنىڭدىن غەزەپلەنگەن ئادەم توقماق بىلەن ئۇنىڭ چىشلىرىنى ئۇرۇپ چۇشۇرۇۋېتىپتۇ. كاتەكتىنمۇ قەتئىي چىقارماپتۇ. چىشلىرىدىن ئايرىلىپ قالغان توخۇ ئامالسىز دانلارنى چوقۇلاپ يېيىشنى ئۆگىنىپتۇ. كۈنلەر ئۆتۈپ، بۇرۇنقىدەك يالماپ يېيەلمىگەندىن كېيىن بەدىنىمۇ كىچىكلەپ هازىرقى هالەتكە كېلىپتۇ. ئۆزىمۇ ياۋاشلاپ قاپتۇ. ئادەم ئۇنىڭ ئۆزىگە تولۇق ئەل بولغان - بولمىغانلىقىنى بىلىپ باقماقچى بولۇپ كاتەكتىن چىقىرىۋەتكەن ئىكەن، توخۇ كاتەكتىن چىقىپلا قانات قېقىپ ئۇچماقچى بوپتۇ. ئەمما كۆز ئالدىدىكى پاكار تامغىمۇ قونالماپتۇ. توخۇنىڭ تېخىچىلا پەيلى بۇزۇقلىقىنى بىلگەن ئادەم ئۇنى يەنە كاتەككە سولاپ قويۇپتۇ. ئۇزۇن مەزگىل كاتەكتە تۇرۇش جەريانىدا توخۇ چىشلىرىدىن ئايرىلىپ ئۇچلۇق تۇمشۇق بولۇپ قالغاننى ئاز دەپ، ئۇچۇش ئىقتىدارىدىنمۇ مەھرۇم قاپتۇ. كاتەكتىن چىقىرىلغاندىن كېيىنمۇ يا ئۇچالماپتۇ، يا نەرسە - كېرەكلەرنى چىشلەپ، يالماپ يېيەلمەپتۇ. باشقا قۇشلاردىن ئارتۇق بولغان ھەممە ئىقتىدارىدىن ئايرىلىپ قاپتۇ ھەم كاتەكتە ئۇزۇن يىل

تۇرۇپ، ئەقلىي ئىقتىدارىمۇ تۆۋەنلەپ كېتىپتۇ. شۇڭا ئۇ كۆنۈشتىن باشقا ياخشى چارە تاپالماي، ئاخىرى غاز ، ئۆردەكلەر بىلەن چىقىشىپ ئۆتۈپ، ئۆي قۇشلىرىدىن بولۇشقا رازى بوپتۇ.
هازىرمۇ توخۇلار ھەرقانداق يېڭى ئۆيگە بارسا كاتەككە نەچچە كۈن سولاپ قويسا ئاندىن شۇ ئۆيگە ئەل بولىدىكەن. ئۇنى بىرەھىم ئادەملەر ھازىرقىدەك چوقۇلاپ بىردىن ساناپ يەيدىغان، قانىتى بار تۇرۇپ ئۇچالمايدىغان ھالغا ئەكىلىپ قويغاندىن كېيىن توخۇنىڭ بۇرۇنقى رەقىبلىرى ئەمدى ئۆچ ئېلىشقا باشلاپتۇ. يەنى بۇركۈت، قارچىغىلار پات - پات ئوۋ نىشانىنى توخۇ چۈجىلىرىگە قارىتىدىكەن. ھەتتا قاغىلارمۇ تۇخۇملىرىنى ئوغرىلاپ كېتىدىكەن، چۈجىلەرگە ئارام بەرمەيدىكەن. ئۆزى بۇرۇن بوزەك قىلغان تۈلكىلەر بولسا تېخىمۇ ھەددىدىن ئېشىپ، توخۇنىڭ ئۇچالمايدىغان، چىشلىيەلمەيدىغانلىقىدىن پايدىلىنىپ، كېچىسى ئوغرىلىقچە ھويلىلارغا كىرىپ توخۇلارنى بوغۇپ ئۆلتۈرۈپ يەيدىكەن. توخۇ ئەقلىنىڭ يوقلۇقىدىن سوقۇشقاقلىقى كېلىپ قالسا ئۆز نەسلى - قوۋمى، ئۆز تۇغقانلىرى بولغان توخۇلار بىلەن توخۇلار سوقۇشۇپ ئادەمدىن ئىبارەت رەھىمسىز مەخلۇقلارنىڭ كۆڭلىنى ئاچىدىكەن. ئەمما ئۇنىڭ ھەر كۈنى تاڭ سەھەردە نېمىشقا چىللاپ، ئادەملەرنى ئويغىتىدىغانلىقىنى بىلەمسىز؟ توخۇلار دەل شۇ ۋاقىتتا ئويغىنىپ كېتىپ، ئاسمانغا قارايدىكەن. ئاسماندا ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى ھالىتىگە ئوخشايدىغان بىر يۇلتۇزلار تۈركۈمىنى كۆرۈپ قالىدىكەن ۋە بۇرۇنقى

سەلتەنىتىنى، پادىشاھلىق تەختىدە سۈرگەن دەۋرانلىرىنى ئەسلەپ ئەنە شۇنداق قاتتىق چىللايدىكەن. بۇ ئۇنىڭ ئادەملەرنى مەقسەتلىك ئويغاتقانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى ئۆزىنىڭ ھەسرەت - نادامىتىنى يوشۇرالماي زارلىغىنى ئىكەن. توخۇنىڭ ئادەملەرگە ئەل بولۇپ چىشىدىن ئايرىلىپ قالغاندىن كېيىن كىشىلەر ئارىسىدا «توخۇنىڭ چىشى يوق، ھورۇنىنىڭ ئىشى يوق»، «توخۇ ئەقىلسىزلىقتىن پوق يەيدۇ، ئادەم نەپسىنىڭ يامانلىقىدىن ئوق يەيدۇ» دېگەندەك ماقال - تەمسىللەر قالغان ئىكەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# يولۋاسقا ئايلانغان بالا

بۇرۇنقى بۇرۇنسىدا، ھايۋانلار بىلەن ئادەملەر ئۆچەكىشىپ قالغان دەسلەپكى ۋاقىتلاردا، يىراق، چەت بىر يېزىدا تاغقا ياندىشىپ بىر كەنت بولغان ئىكەن. كەنتنىڭ ئالدى تەرىپى ناھايىتى چوڭ بىر دەرياغا تۇتىشىدىكەن. كەينى تەرىپى بولسا ئورمانلار بۈككىدە ئۆسۈپ كەتكەن ئېگىز تاغ ئىكەن. تاغدا ھەرخىل ئوت ـ چۆپ، چىرايلىق ياۋا گۇللەر بولغاندىن سىرت، ياۋاش ھايۋانلاردىن بۆكەن، ئارقار، بۇغا، كېيىكتىن باشلاپ، يىرتقۇچ ھايۋانلاردىن شىر ـ يولۋاس، بۆرە ـ قاپلانلارغىچە ھەممىسى بار ئىكەن. تاغقا ياندىشىپ ھېلىقى كەنتتە ئوۋچىلىق بىلەن جان باقىدىغان ئون نەچچە ئائىلە بار بولۇپ، بۇ كەنتتىكىلەرنىڭ ھەممىسى باقى ئاقساقال دەپ بىر ئادەمنىڭ گېپىنى ئاڭلايدىكەن. باقى ئاقساقال تەدبىرلىك، ئوۋغا ماھىر ئادەم بولۇپ، كەنتتىكى ئوۋچىلارنى باشلاپ تاغقا چىققۇدەك بولسا شىر ـ قاۋانلار ئۇۋىلىرىغا مۆكۈۋالىدىكەن، يولۋاس ـ يىلپىزلار يىراقلارغا قېچىپ كېتىدىكەن. بۇغا ـ ماراللار، كېيىك ـ ئارقارلار پىترىشىپ ئۆزىنى ھەريان ئاتىدىكەن.

هايۋانلار قانچە سەزگۈر بولسىمۇ ، تەدبىركار باقى ئاقساقال ھەمراھلىرى بىلەن بىر كۈنلۈك ئوۋدىن نەچچە ھايۋاننىڭ بېشىنى كەسمەي قويمايدىكەن. ئاقساقالنىڭ ياقۇپ ئىسىملىك بىر ئوغلى بار بولۇپ، ئۇ كەنتتىكى باشقا باللارغا ئەقىل ھەم قورقۇمسىزلىقتا ئۈلگە ئىكەن. ھەممەيلەن ياقۇپنى كېچىدە تاغقا يالغۇز چىقىپ چۈشەلەيدۇ، ھېچنېمىدىن قورقمايدۇ، چوڭ بولسا يولۋاسقا نوختا سالالايدىغان باتۇر ئادەم بولىدۇ، دەپ تەرىپلىشىدىكەن.

ياقۇپ ھەمىشە دادىسىدىن ئۆزىنىمۇ ئوۋغا بىللە ئېلىپ بېرىشنى ئۆتۈنۈپ تۇرۇۋالسا دادىسى، سەن تېخى كىچىك، سەل چوڭ بولساڭ بىللە ئېلىپ بارىمەن، دەيدىكەن. ئەمما ياقۇپ دادىسىنىڭ بۇ گېپىگە قايىل ئەمەسكەن. چۈنكى ئۇ قورقۇمسىزدە، كىچىك بولسا نېمە بوپتۇ، ھەرقانداق ۋەھشىي ھايۋانمۇ قورقمايدىغان باللارنى ھېچنېمە قىلالمايدۇ، دەپ ئويلايدىكەن.

كەنتتىكى باللارمۇ ياقۇپقا ئامراق بولۇپ، ئۇلارمۇ ياقۇپنىڭ باشچىلىقىدا ھەرخىل قورام تاشلارنى يولۋاس، بۆرە دەپ، ئۇلارنى ئۆۋلىغان بولۇپ ئوينايدىكەن. دەريانىڭ تېز ئاقمايدىغان يەرلىرىگە چۆمۈلىدىكەن. بىركۈنى ياقۇپ دادىسىغا:

— بىز نېمىشقا يولۋاس، بۆرىلەرنى ئۆلتۈرىمىز؟ — دەپ سوراپتۇ. دادىسى ئوغلىنىڭ سوئالىدىن سۆيۈنۈپ كېتىپتۇ ۋە:

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— چۈنكى يولۋاس، بۆرىلەر بۇغا، كېيىكتەك ياۋاش هايۋانلارنى ئوۋلايدۇ، بىزنىڭ بىچارە قوزىلىرىمىزنى يەپ كېتىدۇ. شۇڭا ئۇلارنى ئوۋلايمىز، ئۇلارنى يوقاتمىغاندا قوزىلىرىمىز ئامان قالمايدۇ، ياۋاش هايۋانلارغا كۈن بولمايدۇ، ئۇقتۇڭمۇ بالام، — دەپتۇ باقى ئاقساقال بالىسىنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ. ياقۇپ بۇ سۆزنى ئاڭلاپ يولۋاس، بۆرىلەرگە تېخىمۇ ئۆچ بولۇپ كېتىپتۇ. ياۋاش هايۋانلار نېمىدېگەن بىچارە - هە، دەپ ئويلاپ، ئۆزىنىڭمۇ تېزراق چوڭ بولۇپ، يىرتقۇچلارنىڭ ئەدىپىنى بېرىشنى ئارزۇ قىپتۇ. بالىلار بىلەن ئوينىغاندا يىرتقۇچلارنىڭ ئەسكىلىكلىرىنى، ياۋاش هايۋانلارنى قانداق ئۆلتۈرۈپ يەيدىغانلىقىنى، ئۇلارنى يوقىتىشنىڭ نەقەدەر مۇھىملىقىنى سۆزلەپ بېرىدىغان بوپتۇ.

بىركۈنى دادىسى هەمراھلىرى بىلەن ئوۋ ئوۋلاپ، تۈلكە، كېيىكلەرنى هەمدە بىر يولۋاس بالىسىنى ئوۋلاپ ئۇنىڭ تۇلۇمچىلاپ سويغان تېرىسىنى ئېلىپ كەپتۇ. ياقۇپ يولۋاس تېرىسىنى كۆرۈپ كۆڭلىگە بىر ئوينى پۈكۈپتۇ ۋە ئۆينىڭ ئارقىسىغا چىقىپ هېلىقى يولۋاس تېرىسىنىڭ قورسىقىنى ئەپچىللىك بىلەن يېرىپ تېرە ئىچىگە كىرىپ، ئاستاغىنا ئۆيگە كىرىپ كەپتۇ. ئۆي ئىچىدىكى سۇپىدا ياقۇپنىڭ سىڭلىسى باقى ئاقساقالنىڭ ئۈستىگە مىنىۋېلىپ چۇرقىراپ ئويناۋاتقان، ئانىسى تاماق ئېتىۋاتقان ئىكەن. ياقۇپنىڭ ئانىسى ئاستا

ئالچاقلاپ كىرىپ كەلگەن يولۋاسنى كۆرۈپ قورقىنىدىن ۋارقىراپ كېتىپتۇ. قولىدىكى تەلەڭگىمۇ تاراڭگىدە قىلىپ يەرگە چۈشۈپ كېتىپتۇ. سۇپىدىكى سىڭلىسىمۇ بۇ «يولۋاس»نى كۆرۈپ قورقۇپ چىرقىراپ كېتىپتۇ. باقى ئاقساقال بولسا ئورنىدىن چاچراپ قوپۇپ، تامغا ئېسىپ قويۇلغان بەردەڭگە مىلتىقنى قولىغا ئېلىپ يولۋاسنى قارىغا ئاپتۇ. شۇ چاغدا ھېلىقى يولۋاس خۇددى ئادەمدەكلا كۈلۈپ كېتىپتۇ. ھەممە ئورنىدىن تىككىدە بولۇپ تۇرۇپتۇ. ھەممىسى داڭ قېتىپ تۇرۇپ قاپتۇ. بىردەمدىن كېيىن ياقۇپ يولۋاس تېرىسىدىن چىقىپ كەپتۇ. ئۇنىڭغا ھېلىقى يولۋاس تېرىسى شۇنداق خوپ كەلگەن ئىكەنكى، ناھايىتى سەزگۈر دەپ قارىلىدىغان باقى ئاقساقالمۇ ھەقىقىي يولۋاس ئەمەسلىكىنى تونۇيالمىغان ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن ياقۇپنىڭ سىڭلىسى ئۆزىنى قورقۇتۇۋەتكىنى ئۈچۈن ياقۇپنى مۇشتلاپ كېتىپتۇ. ئانىسى تىللاپ كېتىپتۇ. باقى ئاقساقال بولسا ياقۇپنى قۇچىقىغا ئېلىۋېلىپ:

— ئەقىللىق قوزام، قانداقچە يولۋاس تېرىسىنى كىيىۋېلىشنى ئويلاپ قالدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— دادا، — دەپتۇ ياقۇپ، — مەن ئەمدى سەن بىلەن بىرگە ئوۋغا بارىمەن. مونۇ تېرىنى كىيىۋالسام يولۋاسلارمۇ مېنى تونۇيالمىغۇدەك، بۆرە - قاۋانلارمۇ مېنى كۆرسە يىراق قېچىپ كەتكۇدەك، — دەپتۇ. ئوغلىنىڭ ئەقلىدىن سۆيۈنگەن باقى

ئاقساقال ياقۇپقا كېيىنكى قېتىمقى ئوۋغا ئۇنىمۇ ئېلىۋېلىشقا ماقۇل بوپتۇ.

ياقۇپ كېيىنكى قېتىملىق ئوۋنى تۆت كۆزى بىلەن كۈتۈپتۇ. ئاشۇ قېتىملىق ئوۋ دەپ خىيال قىلىپ، دەرەخلەرنى بۆرە ـ يولۋاسلار دەپ ، ئۆزى ياسىۋالغان نەيزە ـ قىلىچلار بىلەن ئۆزىچە قويلارنىڭ قارنىنى بۆسۈپ تاشلايدىغان ئاشۇ يىرتقۇچلارنى ئۆلتۈرۈشنى مەشىق قىپتۇ.

ئاخىرى كۈتكەن كۈنمۇ يېتىپ كەپتۇ. ياقۇپ ھېلىقى يولۋاسنىڭ تېرىسىنىمۇ ئېلىۋاپتۇ. باقى ئاقساقال ئۆزىنىڭ تەجرىبىسىگە ئاساسەن ھەر تەرەپكە تۇزاق قۇرۇپ، ئاندىن ھەمراھلىرىغا ھايۋانلارنى ئۈركۈتۈپ، تۇزاق تەرەپكە ھەيدەشنى ئېيتىپتۇ. ياقۇپمۇ دادىسىنىڭ كەينىگە مىنگىشىپ يىراقلاردا ئوتلاۋاتقان ئارقارلارنى ئۈركۈتۈپ، تۇزاق تەرەپكە ھەيدەپتۇ. چۈشتىن كېيىن تۇزاق بار تەرەپكە ناھايىتى كۆپ ھايۋانلارنى ھەيدەپ كەلگەن ئوۋچىلار كۆرۈپتۇكى بىرەر يۈزدەك تۇزاققا چوڭ ـ كىچىك ھايۋانلاردىن بولۇپ ئەللىك ـ ئاتمىشتەك ھايۋان چۈشكەن ئىكەن. ئوۋچىلار بۇ ھايۋانلارنى كۆرۈپ بەك خۇشال بولۇشۇپ كېتىپتۇ. ياقۇپ ئانچە خۇشال بولالماپتۇ. چۈنكى تۇزاققا چۈشكەنلەر ساپلا بۇغا ـ مارال، كېيىك ـ ئارقارلاردىن بولۇپ، بىرمۇ يىرتقۇچ ھايۋانلار يوق ئىكەن. ياقۇپنىڭ خىيالىدا بۇ قېتىملىق ئوۋدا خاسلا يىرتقۇچ ھايۋانلار ئوۋلانسا ياخشى

بولاتتى. شۇڭا ياقۇپنىڭ كۆڭلى يېرىم بولۇپ ئۈۋچىلاردىن يىراق كېتىپتۇ ۋە ھېلىقى يولۋاس تېرىسىنى ئېلىپ پەم بىلەن ئۇنىڭ ئىچىگە كىرىۋېپتۇ. ئۇنىڭ كۆزى دەل ھېلىقى يولۋاسنىڭ كۆزى كېلىدىغان يەرگە، ئېغىز - بۇرۇنلىرىمۇ دەل كېلىدىغان بولغاچقا، قارىغان كىشىگە راست يولۋاستەك تەسىر بېرىدىكەن. ئۇ ئۈۋچىلار بار يەرگە بېرىپ ئۇلارنىمۇ بىر قورقۇتۇپ قوياي، دېگەننى خىيال قىلىپ، ئاستا ئالچاڭلاپ، ئۈۋچىلار تەرەپكە قاراپ مېڭىپتۇ. دەل شۇ چاغدا ئۈۋچىلار ئورماندىكى تۇزاقلاردىن ھايۋانلارنى ئاجرىتىپ، بوغۇزلاشقا تەييار بولۇپ تۇرغانىكەن. ياقۇپ ئۈۋچىلار يېنىغا يېقىن كېلىپ تازا بىر ھۆۋلاپ ئۇلارنى قورقۇتاي دەپ تۇرغىنىدا تۇساتتىن پۈتۈن ئەتراپنى ياۋايى ھايۋانلار قاپلاپ كېتىپتۇ. يولۋاس - شىرلار بىر گۇرۇپپا، قاپلان، بۆرىلەر بىر گۇرۇپپا بولۇپ ئۈۋچىلارنى تۆت ئەتراپتىن قورشىۋاپتۇ. ئەھۋال ناھايىتى خەتەرلىك ئىكەن. ئۈۋچىلار ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىغان ھايۋانلارنىڭ بۇ توپلىشىپ قىلغان ھۇجۇمىدىن ھەيران بولۇشۇپ، تۇرۇپلا قېلىشىپتۇ. بەزىلەرنىڭ قورققىنىدىن يۈرىكى قېپىدىن چىقىپ كېتىشكە تاسلا قاپتۇ. شۇ چاغدا باقى ئاقساقال:

— ھەممىڭلار ئۇۋلارنى قويۇۋېتىڭلار، بۇ ئەزەلدىن كۆرۈلمىگەن ئەھۋال، بۆرىلەردىن باشقا، يولۋاس، شىر، يىلپىزلار دائىم يالغۇز ھەركەت قىلاتتى. بۈگۈن بىر ئىش بوپتۇ

بۇلارغا، ھەممىڭلار ئاتلىرىڭلارغا مىنىپ مېنىڭ ئارقامدىن مېڭىڭلار، قورشاۋنى بۇزۇپ چىقىپ كېتەيلى، — دەپ بۇيرۇپتۇ ئاندىن ئېتىغا مىنىپلا:

— مېڭىڭلار، بولۇڭلار، ئارقامدىن تېزلىكتە ئات سېلىڭلار، — دەپ ۋارقىراپتۇ. شۇ چاغدا بىردىن ئوغلى ياقۇپنىڭ يوقلىقىنى بىلىپ، — ياقۇپ، مېنىڭ ئوغلۇم ياقۇپ! — دەپ ۋارقىراپتۇ - يۇ، بۇنداق جىددىي ئەھۋالدا ئۇۋچىلارنى قۇتۇلدۇرۇشنىڭ مۇھىملىقىنى ئويلاپ، يەنىلا ئات سېلىپ، ياۋايى ھايۋانلارنىڭ قورشاۋىدىن قۇيۇندەك چىقىپ كېتىپتۇ. ئۇنىڭ كەينىدىن باشقا ئۇۋچىلارمۇ ياۋايى ھايۋانلاردىن قورقۇپ تىرەجەپ تۇرۇۋالغان ئاتلىرىغا قامچا سېلىپ قېچىپ كېتىشىپتۇ. ھەيران قالارلىق يېرى ھېلىقى يىرتقۇچلار ئۇلارنى قوغلىماپتۇ، قاپقانلاردىن قۇتۇلغان ئەللىك - ئاتمىشتەك ياۋاش ھايۋانلارغىمۇ ئېتىلماپتۇ. باياتىن بېرى نېمە قىلارنى بىلەلمەي قالغان ياقۇپنى ئەمدىلىكتە قورقۇنچ بېسىشقا باشلاپتۇ. قارىغاندا بۇ ياۋايى ھايۋانلار ئادەملەرنى قاچۇرۇش ئۈچۈن بىرلەشكەن زور قوشۇندەك كۆرۈنىدىكەن. ھېلىقى ئەسىرگە چۈشكەن ياۋاش ھايۋانلارمۇ بۇ يىرتقۇچلاردىن ئۆزىنى قاچۇرماي، قاپقانلاردىن ئاغرىغان پۇتلىرىنى سۆرىگەن ھالدا ئالدىرىماي كېتىشىپ بارماقتا ئىكەن. بۇنى كۆرۈپ تۇرغان ياقۇپ بۇرۇن دادىسىدىن ئاڭلىغان، ياۋاش ھايۋانلارنى يىرتقۇچ ھايۋانلار بوزەك قىلىدۇ،

ئۇلارغا كۈن بەرمەي، كۆرگەنلا يەردە قارنىنى يېرىپ يەيدۇ، دېگەن گېپىنىڭ ئەكسىچە بولۇۋاتقانىكەن. ياۋايى ھايۋانلار شۇ تاپتا بايىقى ئوۋچىلارنى قورشىغان دائىرىنى بۇزماي ياۋاش ھايۋانلارنىڭ ئۆز ئۇۋىلىرىغا كېتىشىگە قاراپ تۇرماقتا ئىكەن. شۇ تاپتا يىرتقۇچ ھايۋانلار خۇددى ئوتخور ھايۋانلارنى قۇتۇلدۇرۇۋاتقان نىجاتكارلارغا ئوخشاپ قالغانىكەن. ياقۇپ بۇ ئەھۋالدىن سۆيۈنۈپ قاپتۇ. بىراق ئۆزى ياۋايى ھايۋانلارنىڭ قاتارىدا، جىممىدە تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ يۈرىكى ئىختىيارسىز قاتتىق سوقۇپ كېتىپتۇ. چۈنكى ئۇ يولۋاس تېرىسىنى كىيىۋالغىنى بىلەن يولۋاس ئەمەستە، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ پۇراش سېزىمى ئالاھىدە، ئۇنى تېزلا بايقىۋېلىشى، ئۆتكۈر تىرناقلىرى، قىلىچتەك ئۆتتىك چىشلىرى بىلەن ئۆزىنى يەۋېتىشى مۇمكىن ئىكەن. باياتىن ئۇ دادىسىنىڭ ئۆزىنى چاقىرغىنىنى ئېنىق ئاڭلاپتۇ. دادىسىنىڭ شۇ تاپتا قانچىلىك ئازابلىنىۋاتقىنىنىمۇ بىلىپ تۇرىدىكەن. شۇ چاغدا دادىسىنىڭ چاقىرغىنىغا ھە، دېگەن بولسا ئاللىقاچان ئۆزى بىلەن بىر سەپ بولۇپ، ئادەملەرگە ئېتىلىشقا تەييار تۇرغان يىرتقۇچ ھايۋانلار ئېنىقكى ئۇنى بوش قويمايدىكەن. ھەتتا ۋەزىيەت جىددىيلىشىپ ئادەملەرمۇ ئامان قالماسلىقى مۇمكىن ئىكەن. شۇڭا ئۇ دادىسىنىڭ چاقىرىشىغا ئۈندىمەي چىشىنى چىشلەپ جىممىدە قاراپ تۇرۇپتۇ. ئەينى ۋاقىتتا ئادەملەرنىڭ قۇتۇلۇشىنى

مۇھىم دەپ قارىغان ئىكەن. ئەمدىلىكتە ئۇ نېمە قىلارىنى بىلمەي قاپتۇ. ھايۋانلار تېخىچە دائىرىنى، جىملىقنى بۇزماي تۇرغانىكەن. شۇ چاغدا يوغان بىر چىشى يولۋاس ئاستا ئالچاڭلاپ ياقۇپنىڭ يېنىغا كەپتۇ. ئەزەلدىن قورقۇش دېگەننى خىيالىغا ئەكەلمەيدىغان ياقۇپنىڭ شۇ تاپتا قورققىنىدىن جېنى چىقىپ كېتەيلا دەپ قالغان ئىكەن. ھېلىقى ئانا يولۋاس ئاستا كەلگىنىچە ياقۇپنىڭ مەڭزىلىرىنى، قولاقلىرىنى، تۇمشۇقلىرىنى مېھرى بىلەن پۇراپتۇ. ئاندىن ئاستا ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ مېڭىپتۇ. شۇ چاغدا ياقۇپ ئىختىيارسىز ئانا يولۋاسنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپتۇ. خىيالىدا، باياتىن ئانا يولۋاسنىڭ پۇرىغىنىدا شۇقەدەر مېھرىبانلىق بار، ئەمدى ئۇنىڭغا ئەگەشمىسەم باشقا يىرتقۇچلار مېنى يەۋېتىدۇ، دېگەن ئوي بىلەن ئۇنىڭغا ئەگەشكەنىكەن. ئانا يولۋاسنىڭ ماڭغىنىنى كۆرۈپ باشقا ھايۋانلارمۇ تارقاشقا باشلاپتۇ. بىر ئاز يىراقلاپ كەتكەندىن كېيىن ھېلىقى ئانا يولۋاس يەردە يېتىپتۇ. ئاندىن يېنىدا تۇرغان ياقۇپنى تۇمشۇقى بىلەن ئىتتىرىپ ئۇستىگە مىندۈرۈپتۇ. ياقۇپ چىڭ ئولتۇرۇۋالغاندىن كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ، ياقۇپنى ئېلىپ چېپىپ كېتىپتۇ. ياقۇپ ئامالسىز يولۋاسنىڭ ئۇستىگە مىنىپ مېڭىۋېرىپتۇ. نەچچە تاغدىن ھالقىپ ئۆتكەندىن كېيىن ئانا يولۋاس بىر غار ئالدىدا توختاپتۇ. ياقۇپ قارىسا غار ئالدى كەڭ سەينا، بۇ سەينادا ھەرخىل گۈللەر ئېچىلىپ كەتكەن، دەرەخلەر

كۆپكۆك ياشىرىپ تۇرغان، شۇ قەدەر چىرايلىق جاي ئىكەن. ئانا يولۋاسنىڭ كەلگىنىنى كۆرۈپ غار ئىچىدىن يەنە ئۈچ يولۋاس بالىسى چىقىپ كەپتۇ. ياقۇپ قارىغۇدەك بولسا بۇ يولۋاس بالىلىرىنىڭ جۇغى ئۆزى بىلەن ئوخشاش ئىكەن. يولۋاس بالىلىرى ياقۇپنى كۆرۈپ يۈگۈرۈپ كەلگەن پېتى ياقۇپنى ئاستىغا بېسىۋاپتۇ. ئەمما قاتتىق چىشلىمەي ئۇنىڭ بىلەن ئوينىشىشقا باشلاپتۇ. ياقۇپمۇ ئۇلار بىلەن بىردەم ئويناشقاندىن كېيىن ئۇلار بىلەن غارغا كىرىپتۇ. غار ئىچى تېخىمۇ ئىللىق بولۇپ، ھەممىسى كىرىپلا يانپاشلاپ ياتقان ئانا يولۋاسنى ئېمىشكە باشلاپتۇ. ياقۇپ بىر چەتتە قاراپ تۇرۇپتۇ. ھەممىسى ئېمىپ بولغاندا ئانا يولۋاس ئاستاغىنا ياقۇپنىڭ يېنىغا كېلىپ يېتىپتۇ ۋە ياقۇپنى تۇمشۇقى بىلەن ئىتتىرىپ ئەمچىكى يېنىغا ئەكىلىپ ئېمىشكە ئىشارە قىپتۇ. ياقۇپنىڭمۇ شۇ تاپتا تازا قورسىقى ئېچىپ تۇرغانىكەن. ئەمما، قانداق بولار؟ دەپ ئېمەلمىگەن ئىكەن. ئانا يولۋاسنىڭ بۇ شاپائىتى بىلەن ئۇمۇ ئانا يولۋاسنى ئېمىپتۇ. سۈت خۇددى ئانىسى ئەتكەنچاي ئېتىپ بەرگەندەك تاتلىق تېتىپتۇ. ئۇ سۈتنى ئېمىپ باشقا ئۇنۇكلەر بىلەن تاتلىق ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. ئەتىسى ئويغىنىپ قارىسا ئانا يولۋاس بىر پارچە گۆشنى كۆتۈرۈپ كىرىپتۇ. ھەممە ئۇنۇكلەر گۆشنى تالىشىپ يېيىشكە باشلاپتۇ. ياقۇپمۇ ئەزەلدىن يەپ باقمىغان خام گۆشتىن بىر ئاز يەپتۇ. شۇندىن كېيىن ياقۇپنىڭ

كۆنلىرى مۇشۇ ئۇنۇكلەر بىلەن غاردا ئۆتۈشكە باشلاپتۇ. ئۆينى سېغىنسا ئىختىيارسىز كۆز يېشى قىپتۇ ـ يۇ، كېتەلمىگەچكە ئامالسىز بۇ يەرگە كۆنۈشكە مەجبۇر بوپتۇ. بىر ـ ئىككى يىلدىن كېيىن ئۇنىڭ بويمۇ چوڭىيىپ يولۋاس تېرىسى كىچىك كېلىشكە باشلاپتۇ. شۇڭا ياقۇپ پات ـ پات باشقا ئۇنۇكلەرگە كۆرسەتمەي يولۋاس تېرىسىنى سېلىۋېتىدىكەن. بۇ جەرياندا ئۇ يولۋاسلارنىڭ تىلىنى ئۆگىنىۋاپتۇ. ھەمدە يولۋاس ئانىسى ۋە باشقا يولۋاس بالىلىرى بىلەن پاراڭلىشالىغۇدەك بوپتۇ. بىركۈنى كەچتە ھەممىسى گۆش يېيىشىپ ئولتۇرغاندا يولۋاس ئانا:

— ئۇستۇڭدىكى كىيىمىڭنى سېلىۋەتسەڭ بولىدۇ، بالام، — دەپتۇ مېھرىبانلىق بىلەن. ياقۇپ يولۋاس ئانىسىنىڭ بېشىنى ئىرغاڭشىتىپ تۇرۇپ تۇيۇقسىز ئېيتقان بۇ گېپىدىن چۆچۈپ كېتىپتۇ. ئەمما باشقا ھەمراھلىرىمۇ:

— بىز سېنىڭ بۇ كىيىمنى يالغاندىن كىيىۋالغىنىڭنى بىلىمىز، ئانام دېگەندىن كېيىن قىينىلىپ يۈرمەي تېز سېلىۋەت، بولمىسا مەڭگۇ چوڭ بولمىغۇدەكسەن، — دەپ كۈلۈشۈپتۇ. ياقۇپ يولۋاسلارنىڭ كەڭ قورساقلىقىدىن ھەيران قاپتۇ. ئەسلىدە بۇ ئانا يولۋاسنىڭ بالىسىنى باقى ئاقساقال ئۆلتۈرۈۋەتكەن. ئەمما يولۋاسلار بۇنىڭغا ئاداۋەت تۇتۇپ ئۆزگە زىيانكەشلىك قىلماقتا يوق ئۆزگە ياخشى كۆڭۈل بۆلگەن ئىكەن. شۇڭا ئۇ بەكمۇ ئوڭايسىز ئەھۋالدا قاپتۇ. ئۇ تېخى بۇلار

ئۆزىنىڭ بۇ تېرىنى كىيىۋالغىنىنى بىلەلمىدى دەپ ئويلايدىكەن.
ئۇ ئىختىيارسىز يولۋاس تېرىسىدىن چىقىپتۇ ۋە:
— مېنى ئەپۇ قىلىڭلار، — دەپتۇ. يولۋاس ئانا يەنە مېھرىبانلىق بىلەن:
— ھېچقىسى يوق ئوغلۇم، سەن ئەمدى خېلى چوڭ بولدۇڭ. بۇ جاھاندا كىمنىڭ ئەڭ ئەسكىلىكىنى بىلىپ يەتكۈدەك ھالغا كەلدىڭ. بىزدەك ياۋايى ھايۋانلار ياخشىمۇ ياكى ئادەم ياخشىمۇ ئۆزۈڭ قاراپ باق. ئەگەر ئادەملەرنى ياخشى دەپ قارىساڭ، كەتسەڭ بولىدۇ، — دەپتۇ. ياقۇپ يولۋاس ئانىسىنىڭ بۇ سۆزىدىن نېمە دېيىشىنى بىلمەي تۇرۇپ قاپتۇ. كېتەي دېيىشكە قەتئىي پېتىنالماپتۇ. چۈنكى يولۋاس ئانا ئۇنى ئېمىتىپ، گۆشلەرنى يېگۈزۈپ باقتى ئەمەسمۇ، ئەمما ئۇ يولۋاس ئانىنىڭ ئادەملەرنى ئەسكى دېگىنىگىمۇ ئانچە قايىل بولماپتۇ. چۈنكى يىرتقۇچ ھايۋانلار ياۋاش ھايۋانلارنى تۇتۇپ يەيدۇ ئەمەسمۇ؟
ئەسلىدە كىچىك يولۋاسلار ئۇۋىنىڭ ئەتراپىدىلا ئوينايدىكەن. ئەمدى يولۋاس ئانا خېلىلا چوڭ بولغان بالىلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ ئوۋغا بىللە ئېلىپ چىقىدىغان بوپتۇ. ياقۇپمۇ بىللە چىقىپتۇ. ياقۇپ ئۆزىنىڭ يولۋاس تۇغقانلىرى بىلەن خۇشال ئويىنىشىپ دالىلاردا يۈگۈرۈپتۇ. يولۋاسچاقلار گاھى ياقۇپنى بېسىۋالسا گاھى ياقۇپ ئۇلارنىڭ ئۈستىگە مىنىۋېلىپ ئويىنىشىپ ناھايىتى كۆڭۈللۈك ئوۋ قىپتۇ. ياقۇپ كۆرۈپتۇكى، يولۋاسلار قېچىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كېتەلەيدىغان، كېسەل بولمىغان ھايۋانلارنى قەتئىي ئۆلتۈرمەيدىكەن. پەقەت ياۋاش ھايۋانلار توپىدىكى ئاجىزلارنى، كېسەللەرنىلا يەيدىكەن. ياقۇپ ئاخىرى ھېلىقى چاغدا يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ بىرلىشىپ ياۋاش ھايۋانلارنى قۇتقۇزۇۋالغانلىقىنىڭ سىرىنى بىلىۋاپتۇ. ئادەملەر «يىرتقۇچ» دەپ ئاتايدىغان بۇ ھايۋانلار ئەسلىدە ياۋاش ھايۋانلارنىڭ قاتىلى ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ نىجاتكارى، دوختۇرى، زىيادە كۆپىيىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان قارىسى ئىكەنلىكىنى بىلىپ يېتىپتۇ. ھەم يولۋاس ئانىسىنىڭ كىم ئەسكى دېگەن گېپىنىمۇ چۈشىنىپتۇ. توغرا، ئادەملەر ياۋاش ھايۋان بولامدۇ، يىرتقۇچ بولامدۇ تۇتسىلا بولىدى. تۇزاق قۇرۇپ، بەردەڭگىدە ئېتىپ، چوماقلاپ تۇتۇۋېلىشنى، ھايۋانلارنىڭ نەسلىنى قۇرۇتۇۋېتىشنىلا بىلىدۇ، ئۇلارنىڭ ئىككى قولى ئاشۇ بىچارە ھايۋانلارنىڭ قېنى بىلەن بويالغان. ئۇنىڭغا قارىغاندا مونۇ يولۋاسلار مىڭ ياخشىكەن. تەبىئەتتە بۇلارنىڭمۇ ئۆزىگە خاس خىزمىتى بار ئىكەن!

خېلى ئۇزۇن ئويلىنىشلاردىن كېيىن بۇلارنى بىلگەندىن كېيىن ياقۇپ ئەمدى ئادەملەرنى ئۇۋ ـ ئوۋلاشتىن توسىمىسا بولمايدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يېتىپتۇ. شۇڭا ئۇ بىر كۈنى يولۋاس ئانىسىغا:

ــ ئانا، مەن ئەمدى كىمنىڭ ئەسكى، كىمنىڭ ياخشىلىقىنى بىلدىم. ماڭا دۇئا بەرسىڭىز مەن بېرىپ ئادەملەرنى ھايۋانلارنى

بىھۇدە ئۆلتۈرۈشتىن تويسام، ــ دەپتۇ. يولۋاس ئانا مېھرىبانلىق بىلەن:

ــ ئۇلار سېنىڭ گېپىڭگە ئىشىنەرمۇ؟ بىزنى ئۇۋلاشتىن توختارمۇ؟ ــ دەپتۇ.

ــ توختايدۇ. توختىمىسا مەنمۇ ئۇلارنى بوش قويمايمەن، ــ دەپتۇ ياقۇپ قەتئىيلىك بىلەن. باشقا يولۋاسچاقلار ياقۇپنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ خۇشاللىقتىن ھۇۋلاپ كېتىپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن بىركۈنى يولۋاس ئانا ياقۇپنى باشلاپ نەچچە تاغدىن ئېشىپ كەنتكە يېقىن ئەكىلىپتۇ ۋە ياقۇپتىن ئايرىلىشقا قىيمىغان ھالدا:

ــ ئەمىسە خوش ئوغلۇم، ماڭا ئەمدى سەندىن ئايرىلغاندىن كېيىنكى كۈنلەر بەك تەس بولىدىغان بولدى، ــ دەپتۇ. ياقۇپمۇ كۆزىگە ياش ئالغان ھالدا:

ــ قايغۇرماڭ ئانا، مەن سىزنى يوقلاپ تۇرىمەن، ــ دەپتۇ . شۇنداق قىلىپ ئۇلار بىر ـ بىرىگە قىيمىغان ھالدا خوشلىشىپتۇ. ياقۇپ ئۆيىگە كېچىدە يېتىپ كەپتۇ ۋە ھويلىدا يېيىپ قويۇلغان دادىسىنىڭ كىيىمىنى ئېلىپ ئۇستىگە كىيىپتۇ. ئۇ يولۋاس غارىدا كىيىم كىيمەي نەچچە يىل تۇرغان بولغاچقا بەدىنىگە قويۇق تۈكلەر چىقىپ كەتكەن ئىكەن. ئۇ دادىسىنىڭ كىيىمىنى كىيىپ، ئاستا ئۆيگە كىرىپتۇ ۋە ئۇخلاپ ياتقان دادىسىنىڭ يېنىدا يېتىپ ئۇخلاپ قاپتۇ.

ئەمدى گەپنى باقى ئاقساقالدىن ئاڭلايلى، شۇ قېتىملىق مەغلۇبىيەتلىك ئۇۋۇدىن كېيىن باقى ئاقساقال ئوغلى ياقۇپنىڭ دەردىدە ئوڭ ـ ساراڭدەك بولۇپ قاپتۇ. شۇنچە كۆپ ياۋايى هايۋانلارنىڭ ئارىسىدا يېگانە قالغان ئوغلىنى ئەسلىسىلا خۇددى ئوغلىنى ياۋايى هايۋانلار تىتما ـ تالاڭ قىلىۋەتكەندەك تۇيغۇدا بولۇپ يۈرىكى ئېچىشىپ كېتىدىكەن. شۇ چاغدا هېچقانداق ئامال قىلالماي ئوغلىنى يىرتقۇچلارغا تاشلاپ كېتىپ قالغىنىدىن ئۆكۈنىدىكەن. ياۋايى هايۋانلارنىڭ شۇ قەدەر هەيۋەتلىك قوشۇن بولۇپ تەشكىللەنگىنىنى ئويلىسا سۈر باسىدىكەن. كېچە ـ كۈندۈز ئوغلىنىڭ دەردىدە يۈرىدىكەن. ياقۇپنىڭ ئاداشلىرىنى كۆرۈپ قالسا ياقۇپمىكىن دەپ كەينىدىن يۈگۈرۈپ باقىدىكەن ـ يۇ، ئەمەسلىكىنى بىلىپ نېمە قىلارىنى بىلمەي ئازابلىنىدىكەن. ئۇزۇن ۋاقىتتىن كېيىن ياقۇپنىڭ هېلىقى يولۋاس تېرىسىنى ئېلىۋالغىنىنى بىلىپ ئوغلىنىڭ هاياتلىقىدىن ئۈمىدلىنىپ قاپتۇ. بىراق ئارىدىن شۇنچە ۋاقىت ئۆتسىمۇ هېچ خەۋىرىنى ئالالماي تىت ـ تىت بولۇپ كەتكەنىكەن. ياقۇپنىڭ ئانىسىمۇ ئۆز ئوغلىنىڭ ئوۋغا كېتىپ كەلمىگىنىدىن يۈرىكى لەختە ـ لەختە بولۇپ يۈرگەن ئىكەن. هەتتا سىڭلىسى خېلى چوڭ بولۇپ قالغاندىمۇ، ئاكام قېنى؟ دەپ جېدەل قىلىپ باقى ئاقساقال بىلەن ياقۇپنىڭ ئانىسىنى ئازابلاپ كەلگەنىكەن.

ئەتىگەندە باقى ئاقساقال ئورنىدىن تۇرۇپلا ماللارغا ئوت

بەرگىلى چىقىپ كېتىپتۇ. باقى ئاقساقال مالغا ئوت بېرىپ، يۇرتنى بىر ئارىلاپ، ئوغلى ياقۇپ قالغان تاغقا قاراپ ئۇزۇن تۇرغاندىن كېيىن ئۆيگە قايتىپتۇ. ئۆيدىكىلەر ئەتىگەنلىك ناشتىنى قىلىپ بولۇپ تۇرۇشىغا ئىچكىرىدىكى ئۆيدىن:

— ماڭىمۇ يېگىلى بىرنېمە قويۇپ قويۇڭلار، — دېگەن ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ. بۇ ئاۋاز ياقۇپنىڭ ئاۋازىغا ئوخشاپ تۇرغىدەك، باقى ئاقساقال يۈگۈرۈپ كىرگىنىچە ئوغلىنى كۆرۈپ باغرىغا بېسىپتۇ. ئانىسى بىلەن سىڭلىسىمۇ كىرىپ كۆرۈشۈپ خۇشاللىق ياشلىرىنى تۆكۈپتۇ. شۇندىن كېيىن ئائىلىدىكىلەر جەم بوپتۇ. كەنتتىكىلەرمۇ خوشال بولۇشۇپ بۇ ئائىلىدىكىلەرنى تەبرىكلەپتۇ.

ئۇزۇن ئۆتمەي كەنتتە چوڭ ئۆزگىرىشلەر بوپتۇ. ئەزەلدىن ئوۋچىلىق بىلەن كۈن ئېلىپ كېلىۋاتقان بۇ تاغلىق كەنتتىكىلەر يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلىشنى باشلاپتۇ. ئوۋچىلىقنى ئۇزۇل - كېسىل تاشلاپتۇ. ئەلۋەتتە باقى ئاقساقال بىرىنچى بولۇپ بۇندىن كېيىن قەتئىي ئوۋ ئوۋلىمايدىغانلىقىنى جاكارلاپ، كەنت ئەھلىگە ۋەدە بېرىپتۇ.

باقى ئاقساقالنىڭ نېمىشقا باش بولۇپ ئوۋچىلىقنى تاشلايدىغان بولغانلىقىنى بىلەمسىز، چۈنكى ياقۇپ ئىنسانلارنىڭ تەبىئەتنىڭ قوغدىغۇچىسى بولۇشى كېرەكلىكىنى، ھايۋانلارنىڭ نەسلىنى قۇرۇتۇۋېتىدىغان جاللات بولماسلىقىنى ئېيتقان ھەمدە

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

يولۋاس ئانىسى ھەم يولۋاس ئاكا - ئىنىلىرىنى ئۆيگە تەكلىپ قىلىپ ئەكەلگەن ئىكەن.

شۇندىن كېيىن ياقۇپنىڭ بۇ ئىككى ئائىلىسى يېقىن بېرىش - كېلىش قىلىپ ئۆتۈپتۇ. باقى ئاقساقال ھېچكىمنىڭ ياۋايى ھايۋانلارنى ئوۋلىشىغا رۇخسەت يوقلىقىنى ئېيتىپ، تېرىقچىلىق قىلىش ئۇچۇن يەر ئېچىش تەشەببۇسىنى چىقىرىپتۇ ھەمدە ئۆزى باش بولۇپ يەر ئېچىپ ئاشلىق تېرىپتۇ. ھەئە، ئەينى دەۋردە بىر مەھەل ئاق كۆڭۈل بالا ياقۇپ ئارقىلىق باشلانغان ئىنسانلار بىلەن ياۋايى ھايۋانلارنىڭ دوستلۇق مۇناسىۋىتى بولۇپ ئۆتكەن ئىكەن...

## شاپاق بۆكلۆك توختامەت

بۇرۇنقى زاماندا، جاڭگالغا يېقىن، شەھەردىن يىراق، ئورمانغا يېقىن، سېپىلدىن يىراق خىلۋەت بىر يېزا بولغان ئىكەن. بۇ يېزىدىكى باللارنىڭ ھەممىسىنىڭ لەقىمى بار ئىكەن. بۇ باللارغا قويغىلى ئات تاپالمىغاندەك ھەممىسىنىڭ ئىسمىلىرى ئاساسەن توختامەت بولغاچقا، ئۇلارنى لەقىمى بىلەن چاقىرمىسا ھېچكىم تونۇمايدىكەن. ئىزدىسە تاپقىلى بولمايدىكەن. بىرسىنى ياغاچ قۇلاق توختامەت، دېسە، بىرسىنى يەلتاپان توختامەت دەيدىكەن. بىرسىنى كەلكۈن كەلدى توختامەت دېسە، يەنە بىرسىنى شاپاق بۆكلۆك توختامەت دېيىشىدىكەن. ئىشقىلىپ بۇ يېزىدىكى توختامەت ئىسىملىك باللار شۇ قەدەر كۆپكەنكى، ئەگەر ھەممە باللارنى تىزىپ قويۇپ، توختامەت ئىسىملىكلەر ئالدىغا چىقسۇن دېسە كەينى سەپتە ھېچكىم قالمامدىكى. بۇ باللارنىڭ ھەممىسى يېزىدىكى بىر موللامدا ئوقۇيدىكەن. موللامنىڭ ئىشى تولا بولغاچقا، بۇ باللارغا ساۋاق بەرمەي ئەمگەككە سېلىپ قويۇپ، ئۆزى توي ـ مەرىكىلەردە يۈرىدىكەن.

www.uyghurkitap.com

بىز سىلەرگە سۆزلەپ بەرمەكچى بولغان شاپاق بۆكلۈك توختامەتمۇ دەل مۇشۇ موللامدا ئوقۇيدىغان ئاجايىپ شوخ بىر بالا ئىكەن. بەلكىم ئۇنى ھەممىڭلار تونۇيسىلەرغۇ دەيمەن. چۈنكى ئۇ دېگەن ساۋاقداشلىرى ئارىسىدىكى ئەڭ كەپسىز، ئەڭ ئويۇنچى بالا، يۇپيۇمىلاق بېشىغا شاپاق بۆكى بەكلا ياراشقان، چىرايىدىن ھەييارلىقى چىقىپ تۇرغان شاپاق بۆكلۈك توختامەت بالىلارنى باشلاپ ئويۇن تېپىپلا تۇرىدىكەن. شۇڭا ئۇنى خەلپەتلەر پات - پات تاياقتا بېسىپمۇ تۇرىدىكەن. شاپاق بۆكلۈك توختامەتنىڭ ئانىسىدىن باشقا ھېچقانداق ئۇرۇق - تۇغقىنى يوق بولۇپ، كۆزى تۇتۇلۇپ قالغان بىرلا ئانىسى بار ئىكەن. توختامەتنىڭ بۇ بىچارە ئانىسى كىشىلەرنىڭ ئىشىكىدە خەقلەرنىڭ ئىشىنى قىلىشىپ بېرىپ جېنىنى جان ئېتىدىكەن. شاپاق بۆكلۈك توختامەتمۇ كىشىلەردىن ئاشقان - تاشقاننى يەپ چوڭ بولۇۋاتقان بالا ئىكەن. شۇنداق بولغىنى ئۈچۈنمۇ شاپاق بۆكلۈك توختامەتنىڭ چىرايى قارىمۇتۇق، بەدىنى بەكلا ئورۇقكەن. شاپاق بۆكلۈك توختامەتنىڭ ھەمىشە ئويلايدىغىنى، بىر ئامال تېپىپ ئانىسىنىڭ كۆزىنى ئېچىپ يورۇق ئالەمنى كۆرسىتىشنى، ئۆزىنىڭمۇ ئازادە ئۆيى بولۇپ ئانىسىغا شۇ ئۆيدە راھەت كۆرسىتىشنى، باقىدىغان، ئۆلتۈرۈپ يېيەلەيدىغان ناھايىتى كۆپ قويلىرى بولۇشنى ئارزۇ قىلىدىكەن. بىركۈنى ئۇنىڭ خىيالىغا مۇنداق بىر ئوي كەپتۇ.

مەن بۇ يەردە دەرس بەرمەيدىغان موللامغا قاراپ بىر ئۆمۈر تۇرساممۇ بىرنەرسە ئۆگىنەلمىگۇدەكمەن. ئۇنىڭغا قارىغاندا باشقا يۇرتلارغا بېرىپ باقسام، يا بىلىم ئېلىپ ئالىم بولارمەن، يا پۇل تېپىپ باي بولارمەن. ھېچ بولمىسا شەھەرنى كۆرۈپ كۆزۈمنى ئېچىپ كېلەرمەن، دېگەننى ئويلاپتۇ. ئويلىغانسېرى ئۆزىنىڭ ئويى توغرا بىلىنىپ، باشقا يەرلەرگە بېرىش ئىشتىياقى قوزغىلىپ كېتىپتۇ. بىركۈنى كەچتە ئۇ بۇ ئويىنى ئانىسىغا دەپتۇ. ئانىسى ئۇنىڭغا:

— بوپتۇ بالام، بارغىن، خۇدايىم تىلىكىڭنى بەرسە ئەجەب ئەمەس، — دەپ رۇخسەت قىپتۇ. ئانىسىنىڭ قوشۇلغانلىقىدىن خۇشال بولغان شاپاق بۆكلۈك توختامەت كېچىچە كىرپىك قاقماي تاتلىق خىياللارغا چۆمۈپتۇ.

ئەتىسى ئۇ يالغۇز بارسا ياخشى بولمايدىغانلىقىنى ئويلاپ، ئۆزىنىڭ مەقسىتىنى دوستلىرىغا دەپتۇ. دوستلىرىدىن ياغاچ قۇلاق توختامەت بىلەن كەلكۈن كەلدى توختامەت بىللە بېرىشقا ماقۇل بوپتۇ. شاپاق بۆكلۈك توختامەت دوستلىرىغا:

— ئەمىسە بۈگۈن ئۆيدىكىلىرىڭلارغا دەپ رۇخسەت ئېلىڭلار، ئانا رازى خۇدا رازى، ئۇلار رۇخسەت قىلسا ئىشىمىز ئوڭ بولىدۇ، — دەپتۇ. ئەمما ئۇ ئىككىسى تەڭلا:

— ياق! — دەپ توۋلاپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— مەن دېمەي ماڭمەن، بولمىسا قۇلىقىم يەنە ئۇزىراپ قالىدۇ، — دەپتۇ ياغاچ قۇلاق توختامەت قۇلىقىنى سوزۇپ تۇرۇپ، دوستلار ئۇنىڭ گېپىدىن كۈلۈشۈپ كېتىپتۇ. دېمىسىمۇ ئۇنى ئاتا - ئانىسى ھەمىشە گەپ ئاڭلىمايدىغان ياغاچ قۇلاق، دەپ قۇلىقىنى سوزىدىكەن.

— مەنمۇ دېمەيمەن، — دەپتۇ كەلكۈن كەلدى توختامەت، — ئۆيدىكىلەر بارغىلى قويمىسا ئاچچىقىمدىن بوغۇلۇپ قالىمەن.

راست، كەلكۈن كەلدى توختامەتنىڭ ئاچچىقى بەكلا يامان بولۇپ، دىتىغا ياقمايدىغان بىر ئىشقا تېزلا ئاچچىقى كېلىدىكەن. كەلگەندىمۇ خۇددى كەلكۈن كەلگەندەك ئاجايىپ قاتتىق ئاچچىقى كېلىدىكەن. ئاچچىقى يانغاندا بولسا يەنە مۇلايىم بولۇپ قالىدىكەن.

شۇنىڭ بىلەن ئۈچ دوست ئازراق نان - پان ئېلىۋېلىپلا يولغا چىقىپتۇ. شاپاق بۆكلۈك توختامەت دوستلىرىنى ئېلىپ مەھەللىدىن باش ئېلىپ باشقا يۇرتلار تامان يۈرۈپ كېتىپتۇ. ئۇلار دەرەخلىك يولنىڭ سايىسىدا ئۆستەڭلەرنىڭ ئېچى بىلەن ئۇزۇن يول يۈرۈپ كەچ بولغاندا بىر كەنتكە كىرىپ كەپتۇ. كەنتتە ئۇلار بىر موماينىڭ ئۆيىگە كىرىپ كەپتۇ. ئەسلىدە ئۇ موماي خاسىيەتلىك موماي بولۇپ، بۇ باللارغا ئىسسىق كۆمەچ سېلىپ بەرگەندىن كېيىن:

— قېنى يەنە بالىلىرىم، ئۆزۈڭ سەپەرگە مېڭىپسىلەر، سىلەردىن سوراپ باقسام، ئەڭ چوڭ ئارزۇيۇڭلار نېمە؟

بالىلار موماينىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن بىر هازا تۇرۇپ كېتىپتۇ. ئاندىن شاپاق بۆكلۈك توختامەت:

— مېنىڭ ئەڭ چوڭ ئارزۇيۇم، قارىغۇ ئانامنىڭ كۆزى ئېچىلسا دەيمەن. بىزنىڭ كۈنىمىز بەك تەس، ئوتلاقلاردا پادا - پادا قويلىرىم بولسا، — دەپتۇ. ياغاچ قولاق توختامەت بولسا:

— مېنىڭ ئەڭ چوڭ ئارزۇيۇم ، بىلىملىك ئادەم بولسام، ئاتا - ئانام، ئوقۇتقۇچىلىرىم مېنىڭ قولىقىمنى سوزمىسا، — دەپتۇ قولىقىنى سىلاپ تۇرۇپ.

— مېنىڭ ئارزۇيۇم ئۇستا موزدۇز بولۇش، يەنە بىرسى ئاسان ئاچچىقىم كەلمىسە دەيمەن، — دەپتۇ كەلكۈن كەلدى توختامەت ئويلانغان هالدا. موماي ئۇلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن كۈلۈمسىرىگەن هالدا بېشىنى ئىرغاڭشىتىپتۇ. ئاندىن شاپاق بۆكلۈك توختامەتنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ:

— ئارزۇيۇڭلار ماڭا ئايان بولدى. بىرسىڭلارنىڭ تېۋىپ بولغۇڭلار، يەنە بىرسىڭلارنىڭ ئالىم بولغۇڭلار، يەنە بىرسىڭلارنىڭ هۈنەرۋەن بولغۇڭلار باركەن. ئەمما مونۇ يۇمىلاق كاللا بالام ئانىسىنى رازى قىلىشنى بەكرەك ئويلايدىكەن. هەممىڭلارنىڭ تىلىكىڭلار ئەمەلگە ئاشىدۇ. بىراق شۇ تىلىكىڭلار ئۈچۈن ئارراق جاپا چېكىشكە توغرا كېلىدۇ، — دەپتۇ. ئۈچ بالا

تەڭلا:

— تىلىكىمىز ئەمەلگە ئاشقۇدەكلا بولسا قانچە جاپا چەكسەك مەيلى ئىدى، — دېيىشىپتۇ. موماي ئۇلاردىن رازى بولغان ھالدا كۈلۈمسىرەپ قويۇپتۇ. بالىلار كۆمەچنى ئىشتىھا بىلەن يەپ، ھاردۇق يەتكىنىدىن تېزلا ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. ئەتىسى ئۇلار قۇشلارنىڭ قىزغىن ناۋاسى ئىچىدە ئويغىنىپ كېتىپتۇ. ئورنىدىن تۇرۇپ قارىسا ئاخشامقى ئۆي ۋە ھېلىقى مېھرىبان مومايدىن ئەسەرمۇ يوق، پەقەت قولىغا قارىسا ئاخشام يېگەن كۆمەچتىن ئېشىپ قالغان ئازراق كۆمەچ قالغان ئىكەن. ئۇلار قوپۇپ ئالدىغا قارىسا دەرەخ كارىدورى بىلەن ئاخىرى چەكسىز كۆرۈنۈپ تۇرغان ئۈچ ئاچا يول كۆرۈنۈپتۇ. ئۇلار ھەيرانۇ ھەس بولۇشۇپ، نېمە قىلارىنى بىلمەي تۇرۇپ قاپتۇ.

— ئۈچ يولغا بۆلۈنۈپ ماڭايلى، — دەپتۇ شاپاق بۆكلۈك توختامەت، — بەلكىم تىلىكىمىز مۇشۇ يوللاردا ھاسىل بولار.

شۇنداق قىلىپ ئۈچ دوست ئۈچ يولغا بۆلۈنۈپ مېڭىپتۇ. ئوڭ تەرەپتىكى دەرەخ كارىدورلۇق يولغا شاپاق بۆكلۈك توختامەت مېڭىپتۇ. ئوتتۇرىدىكى دەرەخلىك يولغا ياغاچ قولاق توختامەت مېڭىپتۇ. سول تەرەپتىكى دەرەخزارلىق يولغا كەلكۈن كەلدى توختامەت مېڭىپتۇ.

شاپاق بۆكلۈك توختامەت يېرىم كۈندەك ماڭغاندا قاقاس بىر چۆللۈككە چىقىپ قاپتۇ. قارىسا بۇ گىياھ ئۈنمىگەن، كۈن

چوغدەك يالىلداپ تۇرغان چۆللۈكنىڭ ئاخىرى يوقتەك
بىلىنىپتۇ. ئەمما توختامەت ئارقىغا يانماي چوقۇم مۇشۇ
چۆللۈكنى بېسىپ ئۆتىمەن دېگەن ئىرادە بىلەن چۆلگە قاراپ
مېڭىپ كېتىپتۇ. ئۇ كەچ كىرگۈچە مېڭىپتۇ. چۆللۈكنىڭ
ئاخىرى كۆرۈنمەپتۇ. ئاخىرى يىغلىپ قالغان ئاچچىق سۇدىن
ئىچىپ، بېلىگە تۇگۈۋالغان كۆمەچتىن ئازراق يەپ ئاشۇ
ئادەمسىز چۆلدە قونۇپ قاپتۇ. ئەتىسى يەنە جېدەللەپ مېڭىشنى
داۋاملاشتۇرۇپتۇ. كۈن چۈشتىن قايرىلغان مەزگىلدە توختامەت
ئالدىدىكى دۆڭلۈكتىن شۇنداق ئاشقان ئىكەن، كۆز ئالدىدىكى
مەنزىرىگە ئىشىنەلمەيلا قاپتۇ. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا سۈپسۈزۈك
ئېقىۋاتقان كىچىككىنە بىر دەريا، دەريانىڭ ئۇ تەرىپىدە ياپيېشىل
ئوتلاق بار ئىكەن. توختامەت دەريادىن قانغۇچە سۇ ئىچىپ،
كۆمەچنىڭ قالغىنىنى يەپ، ھېلىقى ياپيېشىل مەخمەلدەك
ئوتلاققا كىرىپ كەپتۇ. قارىغۇدەك بولسا بۇ ئوتلاقنىڭ پايانى
كۆرۈنمەپتۇ. ئوتلاقتا خىلمۇ خىل ئۆسۈملۈكلەر بولۇق ئۆسۈپ،
رەڭگارەڭ گۈللەر ھۆپپىدە ئېچىلىپ كەتكەن ئىكەن. توختامەت
بۇ گۈپۈلدەپ خۇش پۇراق چېچىپ تۇرغان ئوتلاقتا كەچ
كىرگۈچە ماڭغان ئىكەن، سانىنى بىلىپ بولمىغۇدەك ناھايىتى
كۆپ قوي پادىسىغا دۇچ كەپتۇ. قارىسا قوي پادىسىدىن خەۋەر
ئالىدىغان ھېچكىم يوقمىش، قويلارمۇ توختامەتنى كۆرۈپ

ئۆركۈپ قاچماي خىراماب ئۇتلاپ يۈرەرمىش. شۇنىڭ بىلەن توختامەت قوي پادىلىرى ئارىسىدىن يۈرۈپ كېتىپتۇ. بىر چاغدا ئالدىغا قارا دېگەندەك بولۇپ، شۇنداق قارىسا دەرەخزارلىق بىر كەنت كۆرۈنۈپتۇ. ئۇ ئوقتەك مېڭىپ كەنتكە كىرىپ كەپتۇ. ئاندىن ئالدىغا ئۇچرىغان بىر بالىدىن:

— بۇ قايسى كەنت، ئاۋۇ قويلار كىمنىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— بۇ مەختۇمسۇلا كەنتى، ئۇ قويلار تېۋىپ چىن تۆمۈرنىڭ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ بالا بۇرنىنى تارتىپ تۇرۇپ.

توختامەت يەنە:

— سېنىڭ ئىسمىڭ نېمە؟ تېۋىپ چىن تۆمۈرنىڭ ئۆيى قەيەردە؟ — دەپ سوراپتۇ. بالا يەنە بۇرنىنى تارتىپ تۇرۇپ:

— ئىسمىم توختامەت، تېۋىپنىڭ پادىچىسىمەن. تېۋىپ ماڭا يىلدا بىر توپ قوي بېرىدۇ. تېۋىپنىڭ ئۆيى ئاۋۇ چوڭ دەرەخلىك قورۇدا، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. توختامەت ئۇنىڭمۇ ئىسمىنىڭ توختامەت ئىكەنلىكىدىن ھەيران بولۇپ:

— مېنىڭمۇ ئىسمىم توختامەت، سېنىڭ لەقىمىڭ بارمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— بار، مېنى كىشىلەر قوي قوزىسى توختامەت، — دېيىشىدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ھېلىقى بالا. شۇنىڭ بىلەن توختامەت ئۇنىڭ ئىسمىنىڭ ئوخشاشلىقىغا ھەيران بولغان ھالدا

بۇ قوي قوزىسى توختامەت بىلەن خوشلىشىپ، تېۋىپنىڭ ئۆيىگە مېڭىپتۇ.

ئۇچتەك ئاقارغان ساقاللىرى مەيدىسىگە چۈشكەن، كەڭ گەۋدىلىك، كۆزلىرىدىن مېھرىبانلىق يېغىپ تۇرغان تېۋىپ چىن تۆمۈر توختامەتنىڭ كېلىش مەقسىتىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن:

— ياخشى كەپسەن شاپاق بۆكلۈك توختامەت. بۇيەردىكى باللارنىڭمۇ كۆپىنچىسىنىڭ ئىسمى توختامەت. ئاڭلا ، ساڭا بىر ھېكايە سۆزلەپ بېرەي. مەن يەتتە باشلىق يالماۋۇزنى يوقاتقاندىن كېيىن بۇ جاڭگال ئاۋاتلىشىشقا باشلىدى، سۇيى ياخشى بولغاچقا كىشىلەر ئارقا ـ ئارقىدىن كۆچۈپ كېلىشتى. ئوتلاقنىڭ ياخشىلىقىنى كۆرۈپ قوي باقتۇق. قويلار سەن كۆرگەندەك ئاشۇنداق ئاۋۇپ كەتتى. ئەمما ئۇزۇن ئۆتمەي يىراق پادىشاھلىقنىڭ شاھزادىسى ئۇزمۇخ لەشكەر باشلاپ كېلىپ، مېنى ئالداپ قويۇپ سىڭلىم مەختۇمسۇلانى ئېلىپ قاچتى. مەن سىڭلىمنىڭ دەردىدە تولا يىغلاپ قارىغۇ بولۇپ قالدىم. ئاخىرى مەختۇمسۇلا خاسىيەتلىك بىر ئالمىنى ئېلىپ، ئۇزمۇختىن ئادا ـ جۇدا بولۇپ، ئۆز ئەقىدىسىنى، قېرىنداشلىقنى، پادىشاھلىقتىن، باللىرىدىن ئارتۇق بىلىپ مېنىڭ يېنىمغا ئۆز باللىرىنى چۆكتۇرۇۋېتىپ يېتىپ كەلدى. ئۇنىڭ خاسىيەتلىك ئالمىسى بىلەن كۆزۈم ئېچىلدى. بۇ يەرنىڭ ئادەملىرى ماڭا شۇ قەدەر

سادىقكى ھەممە قويلىرىمنى ئامان - ئېسەن بېقىپ بېرىدۇ. مەنمۇ ئۇلارنىڭ ھەققىنى ئېلىۋالمايمەن. ھازىر سىڭلىم مەختۇمسۇلانى مۇشۇ يەرلىك ياۋاش بىرسىگە ياتلىق قىلدىم. ئۆزۈم گەرچە قېرىپ قالغان بولساممۇ، تېۋىپلىقنى ئۆگىنىپ، يەردىن ئۈنگەن گىياھنىڭ ھەرقاندىقىنى قانداق خىلىتلىق كىشىگە پايدا قىلىدىغانلىقىنى بىلگۈدەك ھالغا كەلدىم. ئەمدى سەنمۇ مېنىڭ يېنىمدا ئۈچ يىل تۇرۇپ، ھۈنەر ئۆگەن. تىرىشىپ ئۆگەنسەڭ ئۈچ يىلدا يېتىشكەن تېۋىپ بولۇپ چىقىسەن. شۇ چاغدا ھېلىقى خاسىيەتلىك ئالمىنى ساڭا بېرىمەن. يۇرتۇڭغا بېرىپ ئاناڭنىڭ كۆزىنى ئېچىپ دۇئاسىنى ئالىسەن، — دەپ سۆزىنى ئاخىرلاشتۇرۇپتۇ. توختامەت ئۆزىنىڭ كىچىكىدىن ھېكايىسىنى ئاڭلاپ كەلگەن چىن تۆمۈر باتۇرنىڭ يۇرتىغا كېلىپ قالغىنىنى ، چىن تۆمۈر باتۇردىن ھۈنەر ئۆگىنىدىغانلىقىنى بىلىپ ناھايىتى خوشال بوپتۇ.

ئارىدىن ئۈچ يىل ئۆتۈپتۇ. بۇ جەرياندا شاپاق بۆكلۈك توختامەت تېۋىپ چىن تۆمۈردىن قېتىرقىنىپ ھۈنەر ئۆگىنىپتۇ. چۆللەرگە، تاغلارغا چىقىپ دورا ئۆسۈملۈكلىرىنى يىغىپتۇ. ھەرخىل ئۆسۈملۈكلەرنىڭ رولى، ئىشلىتىلىشى قاتارلىقلارنى پىششىق يادلاپتۇ. ئۈچ يىل بولغاندا ئۇمۇ يەرگە قاراپ قانداقلىكى ئۆسۈملۈك بولسا ئۇنىڭ قانداق كېسەلگە شىپا

بولىدىغانلىقىنى بىلگۈدەك هالغا كەپتۇ. تېۋىپ چىن تۆمۈر يوق ۋاقىتلاردا تومۇر تۇتۇپ، دورا يېزىپ بېرىدىغان، دورا ئۆسۈملۈكلىرىدىن دورا تەييارلىيالايدىغان سەۋىيىگە يېتىپتۇ. هەيران قالارلىق بىر يېرى تېۋىپ چىن تۆمۈر داۋالاشقا شۇنچىلىك ئۇستىكەنىۇ، داۋالانغان بىمارلاردىن يېرىم ياماق چاغلىق هەق ئالمايدىكەن. ئاخىرى توختامەتنىڭ قايتىدىغان ۋاقتى يېقىنلىشىپتۇ.

— ئەمدى قايتىدىغان ۋاقتىڭ كەلدى، — دەپتۇ بىركۈنى تېۋىپ چىن تۆمۈر توختامەتكە، — ئىككى ۋەسىيىتىم بار، بىرى خاسىيەتلىك ئالمىنى ساڭا بېرىمەن. ئەمما سەن ئۇنى يامان نىيەتلىك كىشىلەرگە ئىشلەتمەيسەن. ئەگەر شۇنداق قىلغۇدەك بولساڭ بۇ ئالما خاسىيىتىنى يوقىتىدۇ. ئىككىنچىسى، كىشىلەرنى داۋالىغىنىڭغا هېچقانداق هەق تەلەپ قىلمايسەن. هۈنەرنى ياخشى ئۆگەندىڭ. ئەمدى ياخشى نىيەت بىلەن كىشىلەرنى داۋالاپ ئۇلارنىڭ دۇئاسىنى ئالساڭلا كۇپايە، هەق ئالساڭ تەمەخور بولۇپ قالىسەن. تەمەخورلۇق تېۋىپلارنىڭ ئەڭ چوڭ دۈشمىنى . مەن ساڭا يەتكۈدەك قوي هەم پۇل - پۇچەك بېرىمەن، — دەپتۇ. توختامەت ئۇستازى تېۋىپ چىن تۆمۈرنىڭ ئۆزىگە سىڭدۈرگەن ئەجرىگە رەهمەت ئېيتىپ خوشلىشىپتۇ. ئاندىن ئۆزىگە بۆلۈپ بەرگەن بىرەر مىڭدەك قوينى هېلىقى يولدا

يولۇققان قوي قوزىسى توختامەت بىلەن ھەيدەپ ئۆز يېزىسىنى كۆزلەپ يولغا چىقىپتۇ. ئۈچ يىل جەريانىدا ئامراق ئاداشلاردىن بولۇپ قالغان ئىككىسى ناھايىتى كۆپ يوللارنى بېسىپ شاپاق بۆكلۈك توختامەتنىڭ يېزىسىغا يېتىپ كەپتۇ. شاپاق بۆكلۈك توختامەتنىڭ ئانىسى ئۆز ئوغلىنى ساقلاپ، ئىشىككە يۆلىنىپ ئولتۇرغان ئىكەن. توختامەت قويىنىدىن ئالمىنى چىقىرىپ، ئانىسىنىڭ كۆزىگە سۈرۈپتۇ. تۇساتتىن ئانىسىنىڭ كۆزى پاللىدە يورۇپ، ئالدىدىكى بالىسىنى كۆرۈپتۇ ۋە:

— سەن كىم؟ — دەپ سوراپتۇ. توختامەت ئۆزىنى ئانىسىنىڭ باغرىغا ئاتقان پېتى:

— جېنىم ئانا، مەن ئوغلىڭىز، شاپاق بۆكلۈك توختامەت ئەمەسمۇ؟ — دەپتۇ. ئوغلىنىڭ چوڭلا يىگىت بولۇپ قايتىپ كەلگىنىنى كۆرۈپ ئانا ئۇنى باغرىغا بېسىپتۇ. بۇنى كۆرگەن قوي قوزىسى توختامەت تەسىرلىنىپ يىغلاپ كېتىپتۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن توختامەت قوي قوزىسى توختامەت بىلەن خوشلىشىپتۇ. ئاندىن قويلىرىنى يايلاققا قويۇپ بېرىپ، بىر پادىچىنى قويلارغا قاراشقا ياللىۋېلىپ، ئۆزى كېسەل داۋالاشنى باشلىۋېتىپتۇ. كىشىلەر ئۇنىڭ تېۋىپلىق ماھارىتىنىڭ قالتىسلىقىنى كۆرۈپ ئۇنى ھۆرمەتلەيدىغان، كېسەللىرىنى كۆرسىتىدىغان بوپتۇ. يەنە كىشىلەر ئۇنىڭ بىر پۇخمۇ ھەق

ئالمايدىغانلىقىنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا ئامراق بولۇپ قاپتۇ، ئاندىن كۆپچىلىك ھە، ھۇ دېيىشىپ، ئۇنىڭغا ھەم چوڭ، ھەم چىرايلىق بىر ئۆي سېلىپ بېرىپتۇ. قويلىرىمۇ ناھايىتى تېزلا سانىنى ئېلىپ بولالمىغۇدەك دەرىجىدە ئاۋۇپ كېتىپتۇ. ئۇنىڭ كىچىك ۋاقتىدىكى ئارزۇسى تولۇق ئىشقا ئېشىپ، ئانىسىنى ياخشى كۈنگە ئېرىشتۈرۈپتۇ. ياخشى ئۆيى، پادا - پادا قويلىرى بار بوپتۇ. يەنە تېخى ھەممە ئادەم ئۇنى ئەمدى شاپاق بۆكلۈك توختامەت ئەمەس، تېۋىپ توختامەت دەپ چاقىرىشىدىغان بوپتۇ.

ھېلىقى ياغاچ قولاق توختامەت بىلەن كەلكۈن كەلدى توختامەتمۇ يۇرتىغا يېنىپ كەپتۇ. ياغاچ قولاق توختامەت ئىلمىدە توشقان بىر ئادەمگە يولۇقۇپ، ئۇنىڭدىن ئىلىم - بىلىم ئېلىپ كاتتا ئالىم بولۇپ قايتىپ كەلگەن ئىكەن. شۇڭا ئۇ يۇرتىدىكىلەرنىڭ بالىلىرىنى ئوقۇتۇپ كىشلەرنىڭ يۇكسەك ھۆرمەتلىشىگە سازاۋەر بوپتۇ. يۇرتىدىكىلەر ئەمدى ئۇنى ياغاچ قولاق توختامەت ئەمەس، ئەللامە توختامەت، دەپ ئاتايدىغان بولۇشۇپتۇ. ئەمما بۇ ئەللامە توختامەت، بالىلارنى ئۆزىنىڭ ئىشىغا سالمايدىكەن - يۇ، ھەمىشە ياخشى ئۆگەنمىگەنلەرنى «ياغاچ قولاق» دەپ تىللايدىكەن.

ھېلىقى كەلكۈن كەلدى توختامەتمۇ ئۇستا موزدۇزغا يولۇقۇپ قېلىپ شۇنىڭدىن ئۆتۈك تىكىشنى ئۆگىنىپ قايتىپ كەپتۇ. ئۇمۇ كىشلەرگە ئۆتۈك تىكىپ بېرىپ ھۆرمەتكە سازاۋەر ئۇستا

ھۆنەرۋەن بولۇپ قاپتۇ. يەنە بىرسى ئۇنىڭ ئاچچىقى يامان ئەمەسمىدى، ھۆنەر ئۆگەنگەندىن كېيىن شۇنداق سالماق بولۇپ قاپتۇكى، باشقىلار ئۇنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرگەن چاغدىمۇ ناھايىتى مۇلايىملىق بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغان بولۇپ كېتىپتۇ.

شۇنداق قىلىپ بىلىم ـ ھۆنەر ئىشقىدا يۇرتىدىن ئايرىلغان ئەزگۈ نىيەتلىك دوستلار مۇراد ـ مەقسىتىگە يېتىپتۇ...

# كومپيۇتېر دۇنياسىدىكى كۈرەش

كومپيۇتېر پادىشاھلىقىنىڭ ۋىندوۋس (Windows) شەھىرىدە ئۇزۇن يىل ئەمەل تۇتقان ۋە دۆلەتكە ئۇنتۇلغۇسىز تۆھپىلەرنى قوشقان ئوففىس (Offiec) ئائىلىسى بىردىنلا رەنجىپ قاپتۇ. چۈنكى ئۇلار كومپيۇتېر دۇنياسىدا شۇنچە تۆھپىكار ئائىلە بولۇشىغا قارىماي كېلىدىغان بارلىق پېشكەلچىلىكلەر، ئۆلۈم - يېتىم، يارىلىنىشلارنىڭ ھەممىسى ئاشۇلارنىڭلا بېشىغا كېلىدىكەن. شۇڭا مۇنداقچە ئېيتقاندا ئۇلارنىڭ يامانلىشىنى ئاساسسىز دېگىلى بولمايدىكەن. كومپيۇتېر پادىشاھلىقىدا ئېكس پى (Xp) ھەزرەتلىرى بىلەن ۋېستا (Vesta) ئائىلىلىرىنىڭ تەخت تالىشىش كۈرىشى ئەۋجىگە چىققان بۇ پەيتتە دۆلەتتىكى چوڭ تۆھپىكار ئوففىس (Offiec) ئائىلىسىنىڭ بىراقلا ئىش تاشلىشى ھەر ئىككى شاھزادىگە زور بېسىم بوپتۇ. قالغان ۋەزىر - ۋۇزرالارمۇ بۇ ئىككى تەخت ۋارىسىدىن قايسىسىنى قوللاشنى بىلەلمەي تۇرغاندا ئوففىس (Offiec) ئائىلىسىنىڭ بۇ ئىشىغا ياقا چىشلىمەي ئامالى بولماپتۇ. ئەسلىدە ئاساسى ناھايىتى كۈچلۈك، ھەتتا بىر نەچچە

يىل شاھلىق تەختىگە ئوڭچە ھۆكۈمران بولۇپ كېلىۋاتقان ئېكىس پى (Xp) ھەزرەتلىرىنىڭ تەسىر دائىرىسى ناھايىتى كەڭ ئىكەن. مۇشۇ كەڭلىك بىلەن كومپيۇتېر دۇنياسىغا يەنە نەچچە يىل خوجايىن بولغانمۇ بولاتتىكەن. ئەمما قېرىشقاندەك ۋېستا(Vesta) ئالىيلىرىنىڭ زور ھەيۋە ھەم سەرخىل قوشۇن باشلاپ كومپيۇتېر پادىشاھلىقىغا كىرىپ كېلىشى ئېكىس پى (Xp) ھەزرەتلىرىنىڭ پەيكارىنى ئۇچۇرۇۋېتتۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوففىس (Offiec) ئائىلىسىدىكى چوڭ ـ كىچىك، قېرى ـ ياش ھەممىسىنىڭ بىراقلا ئىش تاشلىشىغا سەل قارىغىلى بولمايدىكەن. بۇنىڭ كومپيۇتېر شاھلىقىدىكى باشقا ئەلەمدار ـ قەلەمدارلارغا كۆرسىتىدىغان يامان تەسىرىنى ئويلاشماي بولمايدۇ ئەمەسمۇ. ھەتتا بۇ ئىش بىر ـ بىرىگە خىرىس قىلىشىپ كېلىۋاتقان ۋېستا (Vesta) ئالىيلىرى بىلەن ئېكىس پى (Xp) ھەزرەتلىرىنىڭ ھۆرمەت ـ ئابرۇيىغا، بۇندىن كېيىنكى شاھلىق ئورنىغا تەسىر قىلغۇدەك ئىش ئىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئوففىس (Offiec) ئائىلىسى، قېيىندىساڭ قېيىندىغىنا، ئورنۇڭغا باشقا بىرىنى تەيىنلىسەم بولىدىغۇ، دەپلا تاشلاپ قويغىلى بولىدىغان ئائىلىلەردىن ئەمەس ئىكەن. چۈنكى يېڭى ئەمەلدارنى تەيىنلەش، ئۇنى ئوففىس (Offiec) ئائىلىسىدىكى باتۇرلاردەك ماھىر ئەلەمدار ھەم قەلەمدارلاردىن قىلىپ چىقىش ئۈچۈن زور كۈچ سەرپ قىلىشقا توغرا كېلىدىكەن. بۇنى كومپيۇتېر

پادىشاھلىقىنى زىيارەت قىلغان ھەرقانداق ئادەم بىلىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن ئوففىس (Offiec) ئائىلىسىنى ۋېستا (Vesta) شاھلىقى بىلەن ئېكىس پى (Xp) سۇلتانلىقى ئوتتۇرىسىدا تالىشىش كۈرىشى باشلىنىپ كېتىپتۇ. ئەسلىدە رايىشلىق بىلەن بىر ئوبدان خىزمەت قىلىپ كېلىۋاتقان ئوففىس (Offiec) ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ تەرسالىقى ھەرئىككىلا شاھلىق ئۇچۇن بېسىم بولماقتا ئىكەن.

ئوففىس (Offiec) ئائىلىسىدىكى ۋورد (Word) بەگزادىنىڭ جېدىلى ھەممىنى بېسىپ چۈشۈپتۇ. ئۇ ئۇنچىدەك چىشلىرىنى رەتكە تىزىپ ئۇنلۇك ۋارقىراپتۇ:

ـــ بىز ئوففىس (Offiec) ئائىلىسى كومپيۇتېر شاھلىقىغا نەچچە ئەۋلادتىن بېرى ئۇنسىز خىزمەت قىلىپ كېلىۋاتىمىز، بىزنىڭ تۆھپىمىز بىلەن ھەتتا ئىنسانىيەت تارىخى قايتىدىن يورۇتۇپ بېرىلدى. توم ـ توم ئەسەرلەر پۈتۈلۈپ چىقتى. نۇرغۇن ھۆججەت ـ ماتېرىياللار رەتلىنىپ ئاجايىپ نۇرغۇن ئەمگەك كۈچلىرىنى ئازاد قىلدۇق. ئەمما قاچانكى بۇ شاھلىققا خاككىردىن ئىبارەت نومۇسسىز ئوغرى پەيدا بولدى، شۇندىن بويان ئاۋۋال خىرىس قىلىدىغىنى بىزنىڭ باغرىمىز بولدى. ئوغرىلار بىزنىڭ مۇھىم ماتېرىياللىرىمىزنى ئوغرىلاپ كەتتى. بۇنىڭغا شاھلىق تەرىپىدىن ئۇنۇملۇك بىر تەدبىر قوللىنىلمىدى. يەنە كېلىپ شاھلىقتا يۇمشاق دېتال ۋىرۇسى

پەيدا بولغاندىن بېرى ئەڭ ئاۋال زەربە بېرىلىدىغان ئوبيېكت بىر بولۇپ قالدۇق. نەچچە يىللىق قان - تەر بەدىلىگە پۈتۈپ چىققان نەرسىلەر بىر كىچىدىلا ئاشۇ شۇم تەبىئەتلىك ۋىرۇسنىڭ زەربىسى بىلەن كۆكۈم - تالقان بولۇپ، ئورنىنى تولدۇرۇۋالغۇسىز زىيانلار كۆرۈلدى. بۇنىڭغىمۇ شاھلىقنىڭ ئۈنۈملۈك تەدبىرى بولمىدى. ھەممە ئىشنى بىز قىلىمىز يۇ، شاھلىق بىزنىڭ ئورنىمىزنى مۇئەييەنلەشتۈرمىدى. بىزگە خالىغانچە يېزىق شەكىللىرى قوللىنىلىپ، ئۆزئارا تۇغقان تۇرۇپ بىر خىل يېزىق شەكلى يەنە بىرىنى تونۇمىدى. ھەتتا بەزىلەر ئۆز مەنپەئىتىنىڭ زىيانغا ئۇچرىغىنىنى بىزدىن يەنى ئوففېس (Offiec) ئائىلىسىدىن كۆردى. بۇنىڭغا شاھلىق بىر ئامال قىلماقتا يوق، شاھ بولغۇچىلار ئۆزئارا ئۆزەڭگە سوقۇشتۇرۇپ، بىزنىڭ جاراھەت - يارىلىرىمىز بىلەن كارى بولمىدى. مەن ۋورد ( Word) بىلەن ئۇكام ئېكسىئېل (Excel) نىڭ پەريادىغا ھېچكىم قولاق سالمىدى. كىچىك سىڭلىم پوۋرپوينىد (Powerpoint) مۇ يىغلاپ ھالىدىن كەتتى. ھېچكىم كېلىپ بىز بىچارىلەرنىڭ بېشىمىزنى سىلىمىدى. شۇڭا بىز ئەمدى ئۆزۈل - كېسىل ئىش تاشلىدۇق. قاچانكى ئاشۇ ئوغرىلارنىڭ جاجىسىنى بېرىپ، ئۆلمىگۈر ۋىرۇسلارنىڭ ئەدىپى بېرىلمىگۈچە، خەلقئارالىق نىزام بىلەن ئىشلىتىلىدىغان يېزىق ئومۇميۈزلۈك قوللىنىلىپ، بەگلەرنىڭ تالاش - تارتىشى تۈگەپ، بىزنى

قالايمىقان قىلىدىغان سىستېمىلارغا زەربە بېرىلىپ خاقانلىقتا، يېڭى تەرتىپ ئورنىتىلمىغۇچە بىزنى دەم ئالغىلى قويۇڭلار، ۋاقتىڭلارنى ئىسراپ قىلىپ، بىزگە خىزمەت ئىشلەپمۇ يۈرمەڭلار، ــ دەپتۇ.

ۋورد (Word) بەگزادىنىڭ بۇ چاقىرىقى ئۈنۈملۈك بولمىسىمۇ قارىماققا ناھايىتى ئورۇنلۇقتەك قىلىدىكەن. ئېكس پى (Xp) ھەزرەتلىرى ۋورد (Word) بەگزادىنىڭ بۇ گەپلىرىنى ئۇچۇرچىلىرىدىن ئاڭلاپ خىيالغا پېتىپتۇ. ئوففېس (Offiec) ئائىلىسىنىڭ خاپا بولۇشى ئورۇنلۇق بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ پادىشاھلىقتا بىر كۈنمۇ بولماي قېلىشىغا سۈكۈت قىلىش كېيىنكى ۋەيرانچىلىقتىن دېرەك بېرىدىكەن. شۇڭا ئۇ قاتتىق، يۇمشاق رايونلارغا مەسئۇل قەلەمدار ـ ئەلەمدار بەگلىرىنىڭ ھەممىسىنى يىغىپ مەسلىھەت سايتۇ. ئوففېس (Offiec) ئائىلىسىنىڭ يېقىنقى ئەھۋالىدىن بىردەك خەۋەردار بولۇپ تۇرۇۋاتقان بۇ بەگلەرمۇ نېمە قىلارنى بىلمەي تازا بېشى قېتىپتۇ. ئىچكى ئىشلار ۋەزىرى ساقلىغۇچ بەگ (内存) ناھايەت ئېغىر ئېچىپ:

ــ ئوففېس (Offiec) ئائىلىسى يۇمشاق رايوندىكى مۇھىم ئەمەلدار، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ يۇمشاق رايوندىكى مېديا (Media) بىلەن ياخشى ئۆتىدۇ. ئىككىسى تەڭ خىزمەت قىلىپ مۇناسىۋىتىمۇ ياخشى بولۇپ كەتكەن. ئاۋۋال ئۇنى ئوففېس ئائىلىسىگە نەسىھەت قىلىشقا ئەۋەتىپ باقايلى. بولمىغاندا يەنە

مەسلىھەت قىلىشساق قانداق بولاركىن؟ — دەپتۇ. ئېكىس پى (Xp) ھەزرەتمۇ مېدىيا (Media) نى ئەۋەتىشنى قارار قىپتۇ.

مېدىيا (Media) نىڭ تەسىرلىك سۆزلىرى، ئەزگۈ ناخشىلىرىنى ئاڭلىغان ئوففېس (Offiec) ئائىلىسىدىن ئېكسئېل (Excel) بايۋەچچە:

— مېدىيا (Media) بۇرادەر، ياخشى كۆڭلۈك بىزگە تېگىل بولدى. ئەمما بۇ كۆڭۈل يارىسى سىلىق سۆزلەر بىلەن ساقىيىدىغان ئىش ئەمەس. بىزنىڭ قىلىۋاتقىنىمىز مۇنداقچە كۆڭۈل ئاغرىتقانلىق تېخىمۇ ئەمەس. ساڭىمۇ ئايان، سەن بىلەن بىز ئاشۇ ھەرخىل جاھىل ۋىرۇسلارنىڭ تېررورلۇق ھۇجۇمىغا ئاز ئۇچرىمىدۇق. شاھلىق ئاۋال شۇلارغا قارىتا ئۈنۈملۈك بىر تەدبىر قوللانسۇن، ئاندىن كېيىن بىز قايتىدىن خىزمەتكە چۈشۈش مەسىلىسىنى ئويلىشىپ كۆرىمىز. توغرىمۇ؟ — دېدى.

ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ مېدىيا (Media) نىڭمۇ كۆزلىرىنى ياش ئەگىدى. چۈنكى ۋىرۇسلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇمۇ ئاز ئۇچرىمىغان ئىدى. شۇڭا ئۇ كۆز ياشلىرىنى ئېقىتقىنىچە شاھ ئوردىسىغا كېلىپ، ئوففېس (Offiec) ئائىلىسىنىڭ ئەھۋالىنى ئەينەن مەلۇم قىلدى. شاھلىقتىكى ۋەزىر - ۋۇزرالار قايتىدىن كېڭەشكە ئولتۇرۇپتۇ. مەركىزىي ئاخبارات ئىدارىسىدىن سېيپىيۇ (spu) بۇ ئىشقا قارىتا جىددىي ھالدا:

— بۇ مەسىلىنى ئۇدۇللۇق ھالدا ھەل قىلمىساق

ئۆزىمىزنىڭ ئابرۇيى ـ ئىناۋىتىمىزنى ئۆزىمىز تۆكۈۋالىدىغان ئوخشايمىز. ئەمدى ئۇنداق ئۆتتى ـ كەتتى بىلەن كۈن ئۆتكۈزىدىغان ئەھۋالنى جىددىي ئۆزگەرتمىسەك بولمىغۇدەك، مېنىڭ تەكلىپىم، تېز ۋاقىت ئىچىدە ۋىرۇس تازىلاش قورۇلمىلىرىنى يېڭىلاپ، ئوففېس (Offiec) ئائىلىسى قوزغىلىشتىن ئاۋۋال ۋىرۇس تازىلايدىغان جەڭچىلەر زەربىدار ھالەتكە ئۆتىدىغان قىلىپ ئۆزگەرتمىسەك بولمىغۇدەك. باشتىمۇ مەن شۇ تەكلىپنى بېرەي دېگەن ئىدىم. ئەمما قارىسام ھەممەيلەن ئۇنۇمىنىلا قوغلىشىپ، بىخەتەرلىك مەسىلىسىگە سەل قارىدى. شۇڭا مەنمۇ سۈكۈت قىلغان. ئەمدى كېچىكمەي مۇشۇ لايىھەنى ئوتتۇرىغا چىقىرىشىمىز كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا ئوففېس (Offiec) ئائىلىسىنىڭ كۆڭلىنى ئالغىلى ھەم ھەرخىل ۋىرۇسلارنىڭ تېررورلۇق ھۇجۇملىرىنىڭ زىيانىغا ئۇچرىتىشىدىن ساقلانغىلى بولىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ئازراق چىقىم تارتساقمۇ مەيلى، بۇرادەرلەر.

مەركىزىي ئاخبارات ئىدارىسى سىپىيۇ (spu) نىڭ بۇ سالماق ۋە كەڭ دائىرىلىك بىلىمنى ئۆز ئىچىگە ئالغان سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ھەممىسى بىر ئېغىزدىن قوللاش ئىپادىسىنى بىلدۈرۈپتۇ. ھالقىلىق چاغلاردا ئەڭ ئورۇنلۇق تەدبىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدىغان مەركىزىي ئاخبارات ئىدارىسى سىپىيۇ (spu) نىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، ئېكىس پى (Xp)

هەزرەتلىرىنىڭ چىرايىغا كۆلكە يۈگۈرۈپتۇ. ۋېستا (Vesta) نىڭ گەرچە ياش بولسىمۇ ناھايىتى سېمىز، كېلەڭسىز گەۋدىسى بىردىنلا كىچىكلەپ قالغاندەك بىلىنىپ ئىچ ـ ئىچىدىن خۇشاللىق بىلەن دەرھال ئوففېس (Offiec) ئائىلىسى ئىشقا كىرىشىشتىن ئاۋۋال ۋىرۇس تازىلاش ئەزىمەتلىرى ئۆز ۋەزىپىسىنى بەجانىدىل ئورۇنلايدىغان قورۇلمىنى بارلىققا كەلتۈرۈشكە ئومۇمىيۈزلۈك ئاتلىنىپتۇ. پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدىكى يۈمشاق رايون مۇتەخەسسىسلىرى بىر يەرگە جەم بولۇپ، بۇ قورۇلمىنى ياساشقا ھەركەت قىپتۇ. ۋېستا (Vesta) ئائىلىلىرىنىڭ بۇ ئىشقا نىسبەتەن ئىنكاسى ناھايىتى سالماق ئىكەن. ئۇ ئىچىدە، ئېكىس پى (Xp) دېگەن ھاماقەت، ئاۋۋال بارلىققا كەلتۈر. مېنىڭ قولايلىق پۇرسەتلىرىم ھامان ھەممىنىڭ ئېتىراپىغا ئېرىشىدۇ. شۇ ۋاقىتتا زور كۈچ ۋە ئىقتىساد بىلەن بارلىققا كەلتۈرگەن بۇ قورۇلماڭ ئاسانلا مېنىڭ بولۇپ قالىدۇ، دەپ خام تەمەدە يۈرۈپتۇ.

شاھلىقنىڭ ئۆزگە شۇقەدەر ئېتىبار قىلىپ، ئۆزى ئۈچۈن ھەممىنى سەپەرۋەر قىلغانلىقىنى كۆرگەن ئوففېس (Offiec) ئائىلىسىدىكىلەر ئەمدى يەنە خاپا بولۇۋېرىشكە ئورۇن قالمىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، ئۆزىمۇ بۇ پائالىيەتكە بېشچىلاپ كىرىپ كېتىپتۇ.

ئاخىرى بۇ قورۇلما مۇۋەپپەقىيەتلىك ياساپ پۈتكۈزۈلۈپتۇ. بەزى پىتنىخورلار، سۇرئەتكە تەسىر يەتكۈزدى، دەپ ئازراق گەپ

تاپقاندىن باشقا ھەممىسى خۇشال بولۇشۇپتۇ. بولۇپمۇ ئوففېس (Offiec) ئائىلىسى، ئەمدى بىخەتەر بولدۇق، دەپ بەكلا خۇشال بولۇپ، دادىل ھالدا ئىلگىرىكى ۋەزىپىلىرىنى ئاشۇرۇپ ئورۇنلاشقا بەل باغلاپ، ئۆزىنىڭ نەشرىنى يېڭىلاپ، تەييارلىنىپتۇ.

ئەمدى گەپنى يۇمشاق دېتال ۋىرۇسىدىن ئاڭلايلى. ئەزەلدىن بۇزغۇنچىلىق قىلىپ، بولۇپمۇ ئوففېس (Offiec) ئائىلىسىنى بوزەك قىلىپ كۆنۈپ قالغان، يۇمشاق دېتال ۋىرۇسى، كومپيۇتېر پادىشاھلىقىدىكى بۇ زۆرۈر تەدبىردىن ئوغىسى قايناپ كېتىپتۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئەسكەرلىرىدىن نۇرغۇنلىرىنى كومپيۇتېر پادىشاھلىقى ياسىغان ۋىرۇسخور ئۆلتۈرۈپ تاشلاپتۇ. يۇمشاق دېتال ۋىرۇسى ئاخىرى ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ، قاتتىق ۋاستىلەر بىلەن كومپيۇتېر شاھلىقىدا پۇت تىرەپ تۇرالمايدىغانلىقىنى ھېس قىپتۇ ۋە ئاستا - ئاستا چىرىتىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ۋىرۇس تازىلاش قوراللىرىغا پارا بېرىپ ئۇلارنى سېتىۋېلىش، شۇ ئارقىلىق ئۇلارنى ۋىرۇس تازىلاش ۋەزىپىسىنى ئورۇنلىمايلا قالماستىن، قورالنى ئارقىسىغا قارىتىپ، ئۆزىمۇ ۋىرۇسقا ئايلىنىش ئارقىلىق ئىلگىرىكىدىنمۇ ۋەيران قىلىش خاراكتېردىكى بىر قېتىملىق تېررورلۇق ھۇجۇمنى پىلانلاپتۇ. «تىلىمگەنگە بېرىپتۇ، تىلىمىگەننى كىم كۆرۈپتۇ» دېگەندەك، يۇمشاق دېتال

ۋىرۇسلىرى قارا جەمئىيەتنىڭ بۇ تىرىشچانلىقىمۇ بىكارغا كەتمەپتۇ. چۈنكى ئۇلار ئالدىراپ كەتمەپتۇ، ھەممە ئەمدى بەخەتەر بولدۇق، دەپ شادلىنىپ تۇرغان پەيتتە ۋاقىتتىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، يۇمشاق دېتاللارنىڭ ئۆزۈن ۋاقىت ئۆتسە ئۆزىمۇ ۋىرۇسقا ئايلىنىدىغان ئالاھىدىلىكىدىن پايدىلانغان يۇمشاق دېتال ۋىرۇسلىرى قارا جەمئىيەتتى پەيتنى كۈتۈپ، ۋىرۇسخورلانى ئاجىزلاشتۇرۇپلا قالماي يەنە ئۇلارنى سېتىۋېلىپ، ۋىرۇسچى تېررورچىلارنى ئىشىك تۈۋىدە توسمايلا كىرگۈزۈۋېتىدىغانغا ماقۇل كەلتۈرۈپتۇ ھەمدە ناھايىتى كۈچلۈك بىر قېتىملىق ھۇجۇم پىلانلاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ھۆججەتلەر يەنە ئىلگىرىكىدىنمۇ زور دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپتۇ. ۋەيران قىلىش خاراكتېرىدىكى بۇ تېررورلۇق ھۇجۇمنى كىمنىڭ قىلغانلىقىنى پاش قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق ئىكەن. چۈنكى ۋىرۇس تازىلاش قورالى ئۆزىنىڭ ئاللىقاچان دۈشمەنگە سېتىلىپ نومۇسلۇق خائىنغا ئايلىنىپ كەتكەنلىكىنى يوشۇرۇپ ئولتۇرماپتۇ. ھەممە ئۇنىڭغا نەپرەت بىلەن تىكىلىشىپتۇ - يۇ، ئەمەلىي بىر ھەرىكەت قىلىشقا ئامالى بولماپتۇ. بۇ ۋاقىتتا ۋىرۇس تازىلاش قورالىنىڭ شىر شەكىلدىكى مودېلى خورىكىنى باشلىۋەتكەن، ۋىرۇسلار تېررورلۇق ھۇجۇمنى يەنىمۇ كۈچەيتمەكتە ئىكەن. ئۆزىنىڭ قاتتىق يارىلانغانلىقىغا ھېچكىمنىڭ كارى بولمىغانلىقىنى كۆرۈپ ئوففىس (Offiec)

ئائىلىسى يېڭىباشتىن ئىش تاشلاپتۇ. ئۇنىڭغا ئەگىشىپ يۇمشاق
رايوندىكى نۇرغۇن ئەزالارمۇ بىللىلا ئىش تاشلاپتۇ. ئوففىس
(Offiec) ئائىلىسىنىڭ بۇ قېتىمقى كۆڭۈل ئاغرىقى ئاز ئەمەس
ئىكەن. ئەمدى ئېكىس پى (Xp) ھەزرەتلىرى بىلەن ۋېستا
(Vesta) ئائىلىلىرىنىڭ ھەققەتەن بېشى قېتىپتۇ...

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئالا ئاسلاننىڭ ئالدىنىشى

ئالا ئاسلاننىڭ يەنە قورسىقى ئېچىشقا باشلىدى. تۆت ئەتراپقا تەمە بىلەن بېقىپ مىياڭلىدى. ئۇ چاشقان گۆشىگە قەۋەتلا ئامراق ئىدى. شۇڭا بىرەر تال چاشقاننى تۇتۇۋالغان كۈنى دەرھال يەۋەتمەي، بىردەم قويۇۋېتىپ، بىردەم تۇتۇۋېلىپ، شۇنداق يېگۈسى كېلىپ تۇرسىمۇ نەپسىنى بېسىپ بىر ھازا ئوينىۋالاتتى. ئاندىن رەسمىي چازا قۇرۇپ ئولتۇرۇپ، ھوزۇرلىنىپ يېيىشكە باشلايتتى. ئەمما ئالا ئاسلانغا بۇنداق ئامەت ھەمىشە نېسىپ بولۇۋەرمەيتتى. چۈنكى چاشقانمۇ، قاچان مىنى ئالا ئاسلان تۇتۇۋالاركىن، دەپ قاراپ تۇرىدىغانغا ئۇنچە ئەخمەق ئەمەستە. بۇرۇن ئاتا - ئانىسى تۇتۇپ ئەكىلىپ بېرەتتى. ئەمدى ئۇلارمۇ، ئۆزۈڭ تۇتۇشنى ئۆگەن، دەپ تۇتۇپ بەرمەيدىغان بولۇۋالدى. ئالا ئاسلاننىڭ گاھى تەلىيى كېلىپ قالسا كۈندە بىر - ئىككى چاشقان تۇتۇپ يېيەلەيتتى. تەلىيى قاچقان كۈنى بولسا بىرمۇ چاشقان تۇتالماي، بۇرۇن چاشقان تۇتقان ئۇۋىغا قاراپ ئولتۇرغىنى ئولتۇرغان ئىدى. بۈگۈنمۇ ھەقىقەتەن تەلىيى قاچتى. خېلى تىمىسقىلاپ باققان بولسىمۇ چاشقان تۇتۇش تۇگۇل

پۈرىقىنىمۇ پۈرىيالمىدى. شۇڭا ئۇ ئۈمىدسىزلىك ئىلكىدە بۇرۇن ھەمىشە تۇتالايدىغان چاشقان ئۇۋۇسىنى مارىلاپ ياتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرى يۇمۇلۇپ، ئۇخلاۋاتقاندەك كۆرۈنگەن بىلەن ناھايىتى دىققەت قىلىپ، بىرەر چاشقاننىڭ شەپىسىنى ئىلىشنىڭ تاماسىدا سەگەك تۇراتتى. ئەمما خېلى ئۇزۇن شۇ تەرىقىدە ئولتۇرغاندىن كېيىن مۈگدەشكە باشلىدى. ياق، مۈگدىدى دېگەندىن كۆرە، چۈش كۆردى، دېگەن تۈزۈكرەك ئوخشايدۇ. ئۇ چۈشىدە بىر چاشقاننى ئەمدىلا تۇتۇۋېلىشىغا قارا ئاسلان كېلىپ ئېلىپ قاچار ئىمىش، ئالا ئاسلان قارا ئاسلاننى قوغلاپ بارسا قارا ئاسلان تامنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈۋېلىپ، چاشقاننى تۇتۇۋېلىپ، قويۇۋېتىپ راسا قىيناپ، ئويناۋاتقۇدەك. ئۇ ئاستا بېرىپ، قارا ئاسلان چاشقاننى قويۇۋەتكەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، چاشقاننى تۇتقان پېتى ئېلىپ مېڭىپتۇ. ئەمما قارا ئاسلان بىر تاقلاپ ئالا ئاسلاننىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ ماڭغىلى قويمىغانمىش، شۇنىڭ بىلەن ئىككىسى ئۇرۇشۇپ كېتىپتۇ. بىر چاغدا قارىسا چاشقان يوق تۇرغۇدەك، ئۆلگۈدەك ئاچچىقى كەلگەن ئالا ئاسلان:

— نېمە دەپ مېنىڭ رىزقىمغا چاڭگال سالىسەن، — دەپ توۋلىغۇدەك. شۇ چاغدا بىرسى ئۇنى تۇرتتى. ئالا ئاسلان كۆزىنى ئېچىپ قارىسا قارا ئاسلان ئۇنى چاقىرىۋېتىپتۇ.

— ئالا ئاسلان، كىم رىزقىڭغا چاڭگال سالدى، نېمانداق توۋلاپ يۈرىسەن، — دەپ سوراپتۇ. ئالا ئاسلان باياتىن ئۆزىنىڭ

تۈۋلاپ سالغىنىنى بىلىپ گەپ قىلماي تۇرۇپ قالدى. يەنە ئۆزىنىڭ نېمىشقا تۈۋلىغىنىنى ئېيتىشقىمۇ پېتىنالمىدى. شۇڭا ئۇ گەپنى باشقا ياققا بۇراش مەقسىتىدە:

— قورساق ئەجەب ئاچتى. سېنىڭچۇ؟ — دەپ سورىدى.

— مېنىڭمۇ ئاچتى. ئىككىمىز بىرلىشىپ ئوۋلىساق قانداق؟ ئىككىنى تۇتساق بىردىن ، بىرنى تۇتساق يېرىمدىن ئۈلۈشەيلى بولامدۇ؟ — دەپ سورىدى. تەلىيى كەلمەي تۇرغان ئالا ئاسلانغا قارا ئاسلاننىڭ بۇ تەكلىپى ياغدەك ياقتى. شۇنداق قىلىپ، ئىككىسى ئۆينىڭ كەينىدىكى خامانغا چىقتى. پاھ، بۇ يەر قىزىپ كېتىپتىغۇ، قۇشقاچلار چۇرۇقلىشىپ، كەپتەرلەر بۇقۇلدىشىپ دانلاۋاتقان ئىدى. بۇنى كۆرۈپ، ئىككى ئاسلاننىڭ شۆلگەيلىرى ئېقىپ كەتتى. ئاستا يەر بېغىرلاپ مېڭىپ قۇشقاچلارغا يېقىنلاشتى. ئاندىن تۇيۇقسىز ئېتىلىپ بارغان پېتى بىردىن قۇشقاچنى تۇتۇۋالدى. قالغان قۇشقاچلار گۇررىدە ئۇچۇپ كېتىشتى. ئىككى ئاسلاننىڭ ئاغزى قۇلىقىغا يەتتى. قۇشقاچنى ئېلىپ ھەر ئىككىسى دالدا بولغۇدەك يەر ئىزدەپ سۆگەتنىڭ سايىسىغا كەلدى. ئاندىن قارا ئاسلان ئالا ئاسلانغا:

— مېنىڭ تۇتۇۋالغىنىم كىچىكلا بىر قۇشقاچ بالىسىكەن. سېنىڭ يوغان قۇشقاچىكەن. ئىككىمىز ئۇۋنى تەڭ يېمەكچى بولغان. ھازىر بىردىن يېسەك قىلىشقان ۋەدىمىزگە خىلاپ بولغۇدەك، سەن ماڭا قۇشقىچىڭدىن ئازراق بەرسەڭ قانداق، —

دېدى. ئالا ئاسلان قارىسا قارا ئاسلاننىڭ قولىدىكى راستىنلا تېخى ئېغىزىنىڭ ئەتراپىدىكى سېرىقى كەتمىگەن كىچىككىنە بالا قۇشقاچ ئىكەن. ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق؟ ئىككىيلەننىڭ شۇنداق دەپ ۋەدىلەشكىنى راست تۇرسا، شۇنىڭ بىلەن ئالا ئاسلان قارا ئاسلانغا:

— بوپتۇ، ئەمسە سەن ئۇلەشتۇرگىن، — دېدى ۋە چوڭ قۇشقاچنى قارا ئاسلانغا سۇندى. دەل شۇ چاغدا ئويلىمىغان يەردىن چوڭ قۇشقاچ قاتتىق ۋىچىرلىغان پېتى بىرلا يۇلقۇنۇپ ئالا ئاسلاننىڭ پەنجىسى بوشىغان پەيتتە ئۇچۇپ كەتتى. ئىككى ئاسلان ھەسسىنەي دېيىشىپ قالدى. ئەمدى بىرلا كىچىك قۇشقاچ قېلىپ قالغان ئىدى. قارا ئاسلان:

— كالۋالىقىڭدىن قاچۇرۇپ قويدۇڭ، ئۆزۈڭنىڭ شورى، ئەمدى بۇنى مەندىن تالاشما، — دېدى ۋە كىچىك قۇشقاچنى سۆرىگەن پېتى ۋىچىرلىتىپ ئېلىپ كەتتى. ئالا ئاسلان كۆزىنى چىمچىقلىتىپ تۇرۇپلا قالدى. بۇ قانداقمۇ ئادىللىق بولسۇن، ئەسلىدە ھەر ئىككىسى ئۆزى تۇتقاننى يەۋەرگەن بولسا بۇنداقمۇ بولمايتتى. ئەمدى قارا ئاسلاننىڭ نېمە قىلغىنى بۇ، ئالا ئاسلان بىر دە ئۆزىنىڭ كۆڭۈلچەكلىكىدىن، بىر دە كالۋالىقىدىن كۆرۈپ، بولدى قىلدى ۋە كۆرگەن چۈشۈم راست چىقتى، دېدى ئىچىدە. ئۇ تېخى يەنە ئۆزىچە ياخشىچاق بولۇپ ، مەن قۇشقاچلارنى تۇتۇپ، تەبىئەتنىڭ جىنايەتكارى بولمايمەن. قارا ئاسلان ھامان

قۇشقاچلارنىڭ ئۇۋالىغا قالىدۇ. مەن دېگەن ئوغرى چاشقاننى تۇتىدىغان باتۇر مۈشۈك بولىمەن. تەبىئەتنىڭ ئەركىسى، ئىنسانلارنىڭ دوستى، زىيانداشلارنىڭ دۈشمىنى بولغان پايدىلىق قۇشنى تۇتىدىغان ئوغرى مۈشۈك بولمايمەن، دەپ ئۆزىنى بەزلىدى، ئاندىن ئاستا ئۆيگە كىرىپ، ئۆي ئىگىسى چايناپ قويغان نانلارنى غاجىلاشقا باشلىدى.

# مېۋىلەرنىڭ تۆھپە تالىشىشى

بىركۈنى چوڭ بىر باغدىكى مېۋىلەر ئارىسىدا تۆھپە - ئۇتۇقلارنى تالىشىپ مۇنداق مۇنازىرە بولۇپ ئۆتۈپتۇ.

— مەن، — دەپ سۆز باشلاپتۇ ئالما، — مېۋىلەرنىڭ سەرخىلى، يۈزۈم يۇپيۇمىلاق، رەڭگىم قىپقىزىل، مېنى كۆرگەن ھەرقانداق ئادەمنىڭ يېگۈسى كەلگىنىدىن ئېغىزىغا سېرىق سۇ كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەنسىز داستىخان سېلىنمايدۇ. ئوزۇقلۇق قىممىتىممۇ يۇقىرى، مېۋىلەر سەركەردىسى بولۇشقا مۇناسىپمەن، شۇڭا باش تۆھپە مېنىڭ بولۇشى كېرەك، — دەپتۇ. ئالمىنىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلىغان ئەنجۈرباي، ئۈزۈم بوۋى، نەشپۈتخان، ئالۇچىجان، بېھى قىز، ئالگىرات قارىي، ئۆرۈك مەخسۇم، شاپتۇل ئاكا، ئانارگۈللەر بىر ئاز قايناپ قاپتۇ.

— بۇنداق ھوقۇقنى ئۆزلىرىگە كىم بەردى ئالما ئاخۇن، — دەپ گەپ باشلاپتۇ ئەنجۈرباي، — بىز تېخى ھايات، سىلى يىلدا بىر قېتىم مېۋە بېرىپ قويۇپلا ئۆزلىرىنى قالتىس چاغلاۋاتقان ئوخشىماملا، مانا بىز يىلدا ئۈزمەي مېۋە بېرىپ تۇرىمىز، ئۈچ - تۆت نۆۋەت مېۋە بەرسەكمۇ ھاردىم، تالدىم دېمەي ئىشلەيمىز.

تەمنى دېسەك ھېچقايسىلىرىدىن قېلىشقۇچىلىكىمىز يوق. ئىش دېگەن تۆھپىگە قاراپ بولمامدۇ، كۆپچىلىك، ــ دەپ سۆزىنى ئاخىرلاشتۇرۇپتۇ. ئەنجۇربايىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ئۈزۈم بۇۋى تۇمشۇقلىرىنى سوزۇپ، قىپقىزىل لەۋلىرىنى ئۆمچەيتكەن ھالدا:

ــ تۆھپە نېمىگە قاراپ بېرىلىدۇ؟ ئەجەب بىزنىڭ گېپىمىز چىقىدىغاندەك ئەمەسقۇ؟ تۇر دېسە بىزنىڭ تۇرىمىز ھەممىلىرىنىڭكىدىن كۆپ، سايۋا، مۇناقى، ئاق ئۈزۈم، قارا ئۈزۈم، قىزىل ئۈزۈم، كۆك ئۈزۈم دەپ سانىغىلى تۇرساق مىڭ خىلدىن ئاشىدۇ. تەم جەھەتتىمۇ بىر ـ بىرسىمىزدىن پەرقلىنىمىز. ئىقتىسادىي قىممەت يارىتىشتىمۇ، ئادەملەرگە قۇۋۋەت بېرىش، داۋالاش ئىشلىرىدىمۇ تۆھپىمىز ئالاھىدە ئورۇندا تۇرىدۇ. مانداق كۆزنى ئېچىپ ئەتراپىمىزغا ئوبدان قاراپ ئاندىن تۆھپە باھالىساق بولارمىكىن.

ــ قانداق گەپ بولۇپ كەتتى ـ بۇ، مېۋە دېگەن تەم دېگەن گەپ، قېنى قايسىلىرىنىڭ تەمى مېنىڭكىگە يېتىدۇ، ــ دەپ قايناپ قاپتۇ نەشپۈتخان، ــ گەپ قىلماي تۇرسام ئۆزىنىڭلا گېپىنى قىلىشقان، ھازىر ئەڭ پۇل بولۇۋاتقىنى مانا مەن. بۇنى بىلىشىدىغانلا، ساپلا شەخسىيەتچىلەرنىڭ ئارىسىغا كىرىپ قالدىمۇ بۇگۈن.

نەشپۈتخانىنىڭ ۋار ـ ۋۇر توۋلاشلىرى بېسىقمايلا مېۋىلەر ئارىسىدا غولغۇلا كۆتۈرۈلۈپ كېتىپتۇ.

— تەمىنىڭ گېپىنى قىلىپ قاپلا، نەشپۈتخان، — دەپ ۋارقىراپ كېتىپتۇ ئالۇچىجان ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ، — تەم دېگەن قەنت - شېكەردىمۇ بار، هازىر دېگەن تاتلىقنى ئارزۇلايدىغان زامان ئەمەس، هەممە ئادەم توق، باي - باياشاتچىلىقتا ياشاۋاتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە سېمىزلىك هەممە ئادەمگە تەهدىت بولۇپ قالدى. شۇڭا ئادەملەر ئاچچىق - چۈچۈك مېۋىلەردىن يەپ زېهنىنى ئاچىدىغان ئىشنى قىلىدۇ هازىر. نېمە گەپ قىلمىسا، ئۆزىنى بىلىشمىگەن...

— تاتلىق، ئاچچىقنى قويۇپ، باشقىلارغا قانچىلىك نەپ بېرىمىز، مۇشۇنىڭ گېپىنى قىلايلى، — دەپ توۋلاپ كېتىپتۇ بېهى قىز چالۋاقاپ، — مېۋىلەر ئىچىدە دورىلىق رولى ئەڭ چوڭ بولغىنى مانا مەن. مېنى ئۆز پېتى يېسە يۆتەك، مېڭىنى، پولۇغا بېسىپ يېسە ئاشقازان، بۆرەكنىڭ خىزمىتىنى شۇنداق ياخشى قىلىۋېتىمەنكى، هەممە ئەزا جانلىنىپ كېتىدۇ. شۇڭا ئادەملەرنىڭ هەممىسى ماڭا ئامراق، يەنە تېخى يۆتەل بولۇپ قالغانلارمۇ ئەتىۋارلاپ، ئىزدەپ - سوراپ تېپىپ يەيدۇ مېنى. قېنى قايسىڭلار شۇنداق قەدىرلىنىمىز، قايسىمىز؟...

بېهى قىزنىڭ چالۋاقاشلىرىنى ئاڭلاپ ئۆزىنى تۇتۇۋالالمىغان ئانارگۈل سەكرەپ مەيدانغا چىقتى.

— ئەپتىمىزگە قاراپ بىر نېمە دەيلى، سەتلەرنىڭ گېپىنى، ئادەمنىڭ قوۋۇرغىسىنى ئېگىپ، بىزلەر پىشىپ، تاتلىقلىقىمىزدىن ۋاكىدە يېرىلىپ كەتكەندە هەرقايسىلىرى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كۆزلىرىنى يۇمۇۋالغانما؟ كىشىلەرنىڭ، ۋاي ئانارخان، دەپ مەخسۇس يەشىكلەرگە قاچىلاپ ئەتىۋارلاپ ئېلىپ مېڭىشقىنىنى كۆرۈشمىگەنما؟ ھەرقايسىلىرى باغنىڭ سايە، كۈن تەگمەيدىغان يەرلىرىدە تۇرۇپ مېۋە بەرگەنلىرى بىلەن مەن قۇياش نۇرى ئەڭ كۆپ چۈشىدىغان يەردە ئىسسىقنى ئىسسىق دېمەي جاپاغا چىداپ تۇرۇپ ئاندىن ئاشۇنداق تاتلىق پىشىمەن. ئانار شەربىتى دېسە، ھەممە ئادەمنىڭ ئۆزىنى ئاتىدىغانلىقىنى بىلىشىدىغانلا. يەنە مەن تېخى سانائەت قىممىتىم، دورىلىق قىممىتىمدىن سۆز ئاچماي، سۆز ئېچىپ قالغۇدەك بولسام بەزىلەرنىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتمىسۇن، كۆپچىلىك مۇنداق ئەپتىمىزگە بېقىپ لىللا گەپ قىلايلى جۇمۇ.

— بۇ يەردە تۇرغانلار نېمە ئىشنىڭ مۇھىملىقىنى، نېمىنىڭ تۆھپە ئىكەنلىكىنى بىلمەيدىغان ئوخشىمامدۇق، — دەپ قايناپ سۆز باشلىدى ئۆرۈك مەخسۇم تېپچەكلەپ، — مېۋىلەرنىڭ سەركەردىسى بولۇشارمىش، تۆھپە - ئۇتۇق تالىشارمىش تېخى. ھەي، قاراپ باقمامدۇق، كىم دېھقانلارغا ئەڭ يېقىن، كىم دېھقانلار ئەڭ ئېھتىياجلىق بولغان، قۇياش يەر - زېمىننى قىزىتىپ ئوتتەك قىلىۋەتكەن، دېھقانلار ئاشۇنداق ئاپتاپتىمۇ ئۆيلىرىگە كىرىپ كەتمەي بوغداي ئورۇۋاتقان ۋاقىتتا ئەسقاتىدۇ، دېھقانلارنىڭ يېنىغا ئەنە شۇ چاغدا كىم كېلەلەيدۇ. يەنە تېخى كىم دېھقانلارنىڭ بېغىدا ئەڭ جىق؟ ئويلاپ گەپ قىلايلى كۆپچىلىك.

ئۆرۈكنىڭ سۆزىدىن زەردىسى قايناپ كەتكەن ئۆجمە بودەك سەكرەپ مەيدانغا چۈشتى.

— گەپ قىلمىسام ئەزۋەيلەپ كەتتىلىيا ئۆرۈك مەخسۇم، سىلىدىن ئاۋالراق بىز ئاشۇ دېھقانلارنىڭ ئېغىزىغا چىقىپ بولارمىز؟ جەڭگە كىم بالدۇر چىقىدۇ؟ مانداق قاراپ باقمايمىزما؟ مەن بىرىنچى بولۇپ كىشىلەر بىلەن ئۇچرىشىمەن. ئاندىن ھەرقايسىلىرىغا نۆۋەت كېلىدۇ. مەن ئاۋال مەيدانغا چىقىپ بەرمىسەم ھەرقايسىلىرىنىڭ كىشىلەر بىلەن كۆرۈشۈشكە ھەددىلىرى ئەمەسمىكىن. يەنە كېلىپ مەن يېپىشلىك، بايا تېخى بىرسى دورىلىق قىممىتىدىن ئېغىز ئېچىپ قالدى. مېنى يېگەنلەرنىڭ جىگىرىگە ھۆللۈك يەتكۈزۈپ، يۈرىكىگە كۈچ بېرىمەن. ئەگەر قورۇتۇپ ۋاسالغۇ قىلىنىسىڭىز مەن ئەڭ ئۈنۈملۈك قۇۋۋەت دورىسى بولۇپ كېتىمەنغۇ. يەنە دەيدىغان نۇرغۇن سۆزلىرىم بار ئىدى. قورسىقىم كەڭ بولغاچقا باشقىلارغىمۇ سۆز نۆۋىتى بېرەي.

— ئۆجمە بودەكنىڭ قورسىقىنى كەڭ قىلىپ سۆز قىلىش نۆۋىتىنى ئۆتۈنگىنىگە رەھمەت، — دەپ سالماقلىق بىلەن سۆز باشلىدى شاپتۇل ئاكا ، — بىز تالاشمايلى، ئۆزىمىزنىڭ تۆھپىمىزنى بىرمۇ بىر بايان قىلىۋالدۇق. قورسىقىمىز بوشاپ قالدى. مانا مەنمۇ ئەجەب شىرنىلىك پىشىمەن. ئەمما ئەڭ قورسىقىم كۆپىيدىغىنى مېنىڭ مېۋىلەر سەركەردىسى بولالماسلىقىم، ياكى تۆھپە - ئۆتۈقلىرىمنى پەش قىلىشمۇ

www.uyghurkitap.com

ئەمەس، بەلكى مەن شۇقەدەر تاتلىق پىشسامۇ ئادەملەر مېنى ۋاقتىدا يىغىۋېلىپ، يا قاق سالمايدۇ، ياكى مېۋە شەربىتى، مۇراببا ياسىمايدۇ. شاختا ئېسىلىپ تۇرۇۋېرىپ ئاخىرى بولماي يەرگە چۈشۈپ، يەردىنمۇ تېرىدىغان ئادەم يوق سېسىپ كېتىمەن. مانا شۇنىڭدىن ئىچىم ئاچچىق بولىدۇ.

شاپتۇل ئاكىنىڭ خورسىنىش ئىچىدە ئېيتقان ئورۇنلۇق سۆزلىرىدىن كېيىن ھەممە بىردىن ئۇستۇنلۇك تالىشىدىغان گەپ ـ سۆزلەرنى قويۇپ دەردىنى بايان قىلىشقا ئۆتۈپتۇ. ئالگىرات ئالدىراپلا:

ـــ مەنمۇ شۇنداق، مېنىڭ دېھقانلار تىلىدىكى ئاتىلىشىم، ئال راھەت، بۇ دېگەن، مېنى يەپ راھەت ئال دېگەن گەپ. ئەمما مەن شاخلاردا مەي باغلاپ پىشىپ تۇرسام ھېچكىمنىڭ كارى يوق. ئېسىلىپ تۇرۇۋېرىپ مادارىم قالماي يەرگە چۈشۈپ كەتسەم يەنە مېنى قۇتقۇزۇۋالىدىغان، كۆزىنىڭ قىرىنى سالىدىغان ھېچكىم يوق، قەدىرسىزلىك ئىچىدە سېسىپ، تۆكۈلۈپ، ئاخىرى ئۆلۈپ كېتىمەن، ـــ دەپ قار ـ يامغۇر يىغلاپ كېتىپتۇ. ئۈجمە بودەك يەنە سۆزگە ئۆتۈپ:

ـــ باياتىن ھەممىمىز تۆھپىمىزنىڭلا گېپىگە چۈشۈپ كېتىپتۇق. ھەممىمىزنىڭ بېشىدا مۇنۇ شاپتۇل ئاكا، ئالگىرات قارىملار ئېيتقان كۈن بارغۇ. تېخى ئىنسانلار بىزدىن تولۇق پايدىلىنىپ، بىزنى ئىسراپ قىلماي ھەرخىل دورىلىق رولىمىزدىن ، ئىقتىسادىي رولىمىزدىن پايدىلىنالىغىنى يوق.

شۇڭا تۆھپە ـ ئۇتۇق دېگەننى بىر ياققا قايرىپ قويۇپ، مۇشۇ مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويۇشىمىز كېرەك ئىكەن كۆپچىلىك. باياتىن تۆھپە توغرىسىدا سۆزلەپ سالغىنىمغا خىجىل بولۇۋاتىمەن جۇمۇ؟...

ئۇجمە بودەكنىڭ ئۆكۈنۈش ئىچىدىكى بۇ سۆزىدىن ھەممەيلەن ئۆزلىرىنىڭ پىشقاندا، ۋاقتىدا يىغىۋېلىنماي، يىغىۋېلىنسا ئۆزلىرىنىڭ دورىلىق، ئىقتىسادىي قىممىتىدىن، ھەرخىل پايدىلىق رولىدىن تولۇق پايدىلىنىلماي سېسىپ كېتىۋاتقىنىنى بىلىپ تۇرۇپ باياتىن يەنە تۆھپىدىن سۆز ئاچقىنىغا قاتتىق خىجىل بولۇشۇپ كېتىپتۇ.

ئاخىرىدا ھەممە مېۋىلەر بىرلىشىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئۇنداق ئىسراپچىلىققا قارشى ئىكەنلىكىنى، ئىنسانلارنىڭ تېخى ئۆزلىرىنىڭ يېرىم رولىدىنمۇ پايدىلىنالمىغانلىقىنى بىلدۈرۈشنىڭ ئامالىنى ئىزدەشكە تۇتۇش قىلىشىپتۇ...

www.uyghurkitap.com

**图书在版编目(CIP)数据**

变成老虎的小男孩：维吾尔文/阿不都力依米提·牙生著. 一喀什：喀什维吾尔文出版社：乌鲁木齐：新疆电子音像出版社，2010.4
(给孩子们的礼物. 中)
ISBN 978-7-5373-2011-5

Ⅰ. ①变…Ⅱ. ①阿…Ⅲ. ①童话一作品集一中国一当代一维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ. ①I287.7

中国版本图书馆CIP数据核字（2010）第069933号

| | |
|---|---|
| 丛书名 | 给孩子们的礼物－中（9） |
| 书名 | 变成老虎的小男孩 |
| 策划 | 艾则孜·阿塔吾拉·萨尔特肯 |
| 作者 | 阿不都力依米提·牙生 |
| 责任编辑 | 买哈巴·铁外库 |
| 特约编辑 | 艾合买提·买买提 |
| 责任校对 | 古丽巴哈尔·托合塔木 |
| 特约校对 | 克尤木·吐尔逊 |
| 封面设计 | 努尔买买提·吾买尔 |
| 出版 | 喀什维吾尔文出版社<br>新疆电子音像出版社 |
| 地址 | 乌鲁木齐市西虹西路36号 |
| 邮编 | 830000 |
| 发行 | 新疆新华书店 |
| 印刷 | 新疆今日新疆印务有限公司印装 |
| 开本 | 880×1230mm 1/32 |
| 印张 | 2.625 |
| 版次 | 2010年4月第1版 |
| 印次 | 2011年2月第1次印刷 |
| 书号 | ISBN 978-7-5373-2011-5 |
| 总定价 | 84.00元（全10册） |

（书中如有缺页、错页及倒装请与工厂联系）

باللارغا سوۋغا ـ 2

Balilargha Sowgha

بىتەلەي توشقان
ئاق قۇ مەلىكە
ئۈچ ئالتۇن قورچاق
خىرۇستال كەش
توز مەلىكە
توققۇز دانە ئالما
ئەخلەت يەيدىغان كۈچۈك
بەخت ئارىلىنى ئىزدەش
يولۇۋاسقا ئايلانغان بالا
هاكاۋۇر چۈجە خوراز

7.00

ISBN 978-7-5373-2011-5

总定价：84.00元（全十册）